# ئەستەيدىل

# ئىزدەنگۈچىلەر

# ئۈچۈن

نىكولا ياقۇپ غابرىل

# «ئەستايىدىل ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن»

## نىكولا ياقۇپ غابرىل

### مۇندەرىجە: ـ

كىرىش سۆز

### 1-مۇزاكىرە

1-قىسىم: تەۋرات ۋە ئىنجىل ـ ھەقىقەتتۇر
2-قىسىم: ئەقلىي ئىسپات
3-قىسىم: تارىخىي ئىسپات
4-قىسىم: ئارخېئولوگىيىلىك (قېزىپ چىققان) ئىسپات

## 2-مۇزاكىرە

تەۋرات ۋە ئىنجىلنى قۇرئان ئىناۋەتسىز قىلىۋەتكەنمۇ؟

## 3-مۇزاكىرە

ئىنسان بالىسى گۇناھكاردۇر، ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ!

## 4-مۇزاكىرە

مەسىھ ئەيسانىڭ كرېستكە مىخلىنىشى (كىرىش سۆز)

1-قىسىم: خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسانىڭ كرېستكە مىخلىنىشىدا بولغان مەقسىتى.
ئەيسا «ئىناقلاشتۇرۇش»نى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغان؟
2-قىسىم: پەقەت مەسىھ ئەيسالا ئاشۇ قۇربانلىق ۋەزىپىگە لايىقتۇر
3-قىسىم: مەسىھ ئەيسا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كرېستكە مىخلانغانمۇ؟

4-قىسىم: قۇرئاندا مەسىھ ئەيسانىڭ كىرىستكە مىخلىنىشى توغرىسىدا يېزىلغانلىرى

5-قىسىم: مەسىھنىڭ كىرىستكە مىخلىنىشىدىكى تارىخىي ئىسپاتلار

## 5-مۇزاكىرە

مەسىھنىڭ گۇناھسىزلىقى، خۇدالىقى ۋە ئوغۇللۇقى

## 6-مۇزاكىرە

قۇرئاندا مەسىھنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈنلۈكى توغرىسىدا يېزىلغانلىرى

## 7-مۇزاكىرە

خۇدادىكى «ئۈچىنىڭ بىرلىكى»، «ئۈچتە بىرلىك» ياكى «ئۈچلۈك گەۋدە»

## 8-مۇزاكىرە

«ياردەمچى» ۋە مۇھەممەد

## 9-مۇزاكىرە

ئىنجىلنىڭ قالايمىقان دۇنياغا بەرگەن نۇرى

## خاتىمە

# «ئەستايىدىل ئىزدەنگۈچىلەر ئۈچۈن»

## كىرىش سۆز

مەن نۇرغۇن ۋاقىتىمنى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم بىلەن بىللە ئۆتكۈزدۈم؛ بۇ قېرىنداشلىرىم ئىچىدە ئۆلىمالارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بىز دىن توغرۇلۇق ئەستايىدىل، سەمىمىي ۋە دوستانە پاراڭلاشقانلىرىمىزدا «بۇ دۇنيادىكى بارلىق يوللارنى قىدىرىپ، ھەممە ئىشكىلەرنى چېكىپ چىقاتتۇق»؛ شۇنىڭ بىلەن مەندە بۇ سۆھبەتلىرىمىزنى يەكۈنلەپ يېزىپ، بىر كىتابچە قىلىپ چىقىرىش خىيالى تۇغۇلدى. ئاخىرى خىيالىم ئەمەلگە ئېشىپ، بۇ كىتابچە يېزىلىپ چىقتى. بۇ كىچىككىنە «تىرىشچانلىقىم»نى، ھەقىقەت يولىدىكىلەر ئۈچۈن پايدىلىق ھەم ئۇلارغا يېتەكچى بولسۇن دەپ، ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان ھەم ئۇنى نىشان قىلىدىغان كىشىلەر ئوتتۇرىسىغا قويماقچىمەن. ئەگەر ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئۇلارغا ئېنىق بولغان بولسا، ئۇلار ھەقىقەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بارلىق دۇنيالىرىنى رازىلىق بىلەن سېتىۋېتىپ، ھەقىقەتنى خۇشاللىق بىلەن سېتىۋېلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن. ئەنە شۇنداق كىشىلەرلا بەخت ھەم روناق تاپالايدۇ.

بۇ كىتابتىكى مۇزاكىرىلىرىمدە مەن ھەرقانداق بىر ئەھلى مۇسۇلمانغا ماس كېلىدىغان ئۇسۇلنى قوللاندىم، ھەرقانداق بىر ھۆرمەتلىك ئىزدەنگۈچىنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، قۇرئان، ھەدىس ۋە ھەم تارىخلاردىن ئىسپاتلار ئالدىم. چۈنكى بۇلار مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن تارازىدا توختايدىغان ھەم ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمايدىغان ئىسپاتلاردۇر. مۇشۇنداق ئىسپاتلار بولغاندىلا، بىز گەپنىڭ پوسكاللىسىغا يېتەلەيمىز. شۈبھىسىزكى، ئالىملارنىڭ شەرھلىگىنىدەك، «ھەقىقەت ئىزدىنىشنىڭ قىزىدۇر». ھەقىقەتنى ئىزدىگۈچى ئۇنى تېپىش ئۈچۈن مۇنازىرە ساھەسىدە يول كېزىشكە رازىدۇر. ئاللىقاچان ھەقىقەتكە ئېرىشكەن كىشىمۇ بۇ مۇنازىرىدىن باش تارتمايدۇ، چۈنكى بۇ مۇنازىرە ئۇنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ. شۇڭا قېرىندىشىم، ئىخلاسمەنلىك بىلەن بولىدىغان سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىشىمنى ئېغىر كۆرمىسىڭىز، بۇ مۇنازىرىگە قاتناشقىنىڭىزدا، ئۆزىڭىزگە ۋە ياكى باشقىلارغا پايدىسى تېگىدۇ؛ ئىككى تەرەپتە غالىب كېلىسىز. مېنىڭ قۇرئاندىن ياكى ھەدىسلەردىن نەقىل كەلتۈرۈشۈم بۇلارنى ھەقىقەت دېگەنلىكىم ئەمەس. لېكىن لوگىكىلىق مۇنازىرىنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرى بويىچە، مېنىڭ مۇشۇنداق تەدبىرنى قوللانغىنىم تۈزۈك؛ بولۇپمۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن مەجبۇرىي ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنى قوللانماي بولمايدۇ. چۈنكى بەزى

مۇسۇلمان قېرىنداشلار، قولۇمدىكى مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات ۋە ئىنجىل)نىڭ پۈتۈنلەي ھەقىقىي ۋە تولۇق نوپۇزلۇق ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلالمايدۇ. قوبۇل قىلالىغان بولسا ئىدى، مەن ئەنە شۇ مۇقەددەس كىتابتىن، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى بارلىق ئەندىشىلەر ۋە گۇمانلارنى تۈگىتىدىغان، نۇرغۇن ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولاتتىم.

قېرىنداشلىرىم، سىلەردە ۋە بىزلەردە، ياراتقۇچىمىز خۇداغا ئىبادەت قىلىش، ئۆلۈمدىن كېيىنكى مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشىشتەك ئېتىقاد ئورتاقلىقى بار ئەمەسمۇ؟ سىلەر بۇ نىشاننى باشقا بىر تەرىقىدە (يولدا) ئىزدەيسىلەر، بىز بولساق باشقا بىر تەرىقىدە ئىزدەيمىز. ئەمما بۇ ئىشلار ئۈستىدە كەمتەرلىك، ئىخلاسمەنلىك ۋە ئوبيېكتىپلىق بىلەن تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلساق، بىزگە نېمىمۇ زىيىنى بولسۇن؟ ھەقىقەت بىر ۋە بۆلۈنمەستۇر، شۇڭا ئىناقلىقتا بىرگە ماڭايلى، شۇندىلا ياراتقۇچىمىزنىڭ ئىلتىپاتىغا، ھەم ئاخىرى ئېرەن (ئېدەن) باغچىسىدىكىدەك مەڭگۈلۈك بەختكە ئېرىشەلەيمىز. پەقەت خۇدادىن كەلگەن سەمىمىي مۇھەببەت بۇ كىتابنى سىلەر ئۈچۈن يازدۇردى. بىز سىلەرنىڭ بىز بىلەن بىللە مېڭىشىڭلارنى، بىز مەسىھ ئەيسادىن ئېرىشكەن نىجاتلىقتىن ھەم مەڭگۈلۈك ھاياتلىقتىن سىلەرنىڭمۇ ئورتاق بەھرىمان بولۇشىڭلارنى خالايمىز. بىز ئۆزىمىز ئېرىشمەكچى بولغان ئاشۇ بەخت، شادلىق

ھەم نىجاتلىقنى سىلەردىمۇ بولسۇن دەپ تىلىگەن ئىكەنمىز، ئۇنداقتا ھەرگىزمۇ سىلەردىن نەپرەتلەنمەيمىز، بەلكى سىلەرنى سۆيىدىغان سەمىمىي دوستلاردىن بولىمىز. بىزدىن قىلىچلىكمۇ گۇمانلانماڭلار؛ خۇدا سىلەرنى توغرا يولدا يېتەكلىگەي.

مۇزاكىرىنىڭ يۈزەكى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، شۇڭا بەزىبىر سۆزلىرىمگە چىداشلىق بېرىش تەس بولۇپ قالسا، قېرىنداشلىرىمنىڭ يول قويۇشىنى ئۆتۈنىمەن، چۈنكى مېنىڭ مەقسىتىم باشقىلارنىڭ ئېتىقادلىرىنى چۆكۈرۈش ئەمەس. ھالبۇكى، بەزى پاكىتلار ھەم ھەقىقەتلەرنى ئايدىڭ قىلماقچىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۆزۈمنىڭ ئېتىقاد ئەقىدىلىرىمنى بىر ياقا قايرىپ قويالمايمەن. باشقىلارنىڭمۇ ھەم شۇنداق قىلىشىنى تەلەپ قىلمايمەن. بۇ قانداقلا بولمىسۇن سىز ئۈچۈن بىر قېتىملىق مۇزاكىرە پۇرسىتى بولۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ لېكىن ۋەدە بېرىمەنكى، ھۆرمەتلىك كىتابخانىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان، مەسخىرە قىلىدىغان ياكى مازاق قىلىدىغان تۈستىكى ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن ساقلىنىمەن. ئاخىردا شۇنى ئېتىراپ قىلىپ ئۆتمەكچىمەنكى، بۇ كىتابچىنى تۈزۈشتە مەن ئىلگىرىكى باسما ماتېرىياللاردىن پايدىلاندىم. خۇدادىن ئىلتىجا قىلغىنىم، بۇ كىتابچە پايدا يەتكۈزگۈچى ھەم ئىناقلىقنىڭ قورالى بولۇپ چىققاي. خۇدا بولسا

سەمىمىي ئىلتىجالارغا جاۋاب بەرگۈچىدۇر، مېنىڭ يار-
يۆلەنچۈكۈم ھەم بارلىق مەدەت مەنبەيىمدۇر.
**ئىزاھات**: – قۇرئاندىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى مۇھەممەد سالىھنىڭ تەرجىمىسىدىن ئېلىنغان.

# 1-مۇزاكىرە

## 1-قىسىم

### تەۋرات ۋە ئىنجىل ــ ھەقىقەتتۇر

ئىشىنىمىزكى، مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل) ھەقىقىي تەلىماتىنىڭ ئۇلى ۋە مۇخلىسلار ئۇچۇن بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلغۇچىدۇر. ئۇ بولسا ئادىل سوتچى، باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقمايدىغان، ھەقىقەتنى ئېنىقلاپ، يالغانچىلىقنى باسىدىغان، بارلىق تالاش-تارتىشلاردىكى ئىشەنچلىك ۋە سادىق گۇۋاھچىدۇر. شۇڭا مۇزاكىرىلىرىمىزدە، ئۇنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇم. چۈنكى مۇقەددەس كىتابنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى قايىل قىلارلىق سۆز ۋە لوگىكىلىق ئىسپات بىلەن شەرھىلىيەلىسەم، بىز بۇ ئۇلۇغ كىتابنىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭدىن يوليورۇق ۋە بارلىق ئىشلىرىمىزدا نەسىھەت ئالالايمىز.

بەرھەق، ئۇ بىر پارلاق نۇر ھەم بارلىق جان ئىگىلىرىنىڭ توغرا يېتەكچىسىدۇر.

(1) قۇرئاندىكى سۈرە «ئال-ئىمران» 3-ئايەتتىن، بىز تۆۋەندىكىلەرنى كۆرىمىز: -

«ئىلگىرى، كىشىلەرگە (ئىنسانلارغا) يول كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغانىدى».
دېمەك، خۇدا ئىنسانلارغا تەۋرات ۋە ئىنجىلنى يوليورۇق سۈپىتىدە چۈشۈرگەن.

(2) سۈرە «مائىدە»، 71-ئايەتتە: -

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى-كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەر ئېتىبارغا ئالغۇدەك دىندا بولغان بولمايسىلەر».
(«ناسارالار» - مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ).
بۇ ئايەت تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇنداق بولمىغىنىدا، مۇھەممەد ئۇلارغا ئەمەل قىلىش كېرەكلىكىنى دېمىگەن بولاتتى.

(3) يەنە سۈرە «مائىدە»، 47-ئايەتتە: ـ

«ئەھلى ئىنجىللار (يەنى ناسارالار) ئاللا ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، ئاللا نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر»
ـ دېمەك، ئىنجىل خۇدا تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن، مۇھەممەد ئۇنى ھوقۇقلۇق دەپ بىلگەن.

(4) سۈرە «نىسا»، 136-ئايەت: ـ

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاغا، ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللا ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللا نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللانى، ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ».
بۇ ئايەت، بىراۋنىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئىشەنمىگەنلىك، قۇرئانغا ئىشەنمىگەنلىككە ئوخشاش «قاتتىق ئازغان بولىدۇ» دەپ بېكىتىدۇ.

(5) سۈرە «سەبەئ»، 30-ئايەتتە: ـ

«كاپىرلار: «بۇ قۇرئانغا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» ـ دەيدۇ».
مەككىلىكلەر («كاپىرلار») مانا شۇنداق قۇرئاندىن خەۋەردار بولغاندەك تەۋرات ۋە ئىنجىلدىنمۇ خەۋەردار بولغانىكەن.

(6) سۈرە «قەسەس»، 49-ئايەتتە: ـ

«ئېيتقىنكى: «ئەگەر (ئۇ ئىككى كىتاب سېھىردۇر دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئۇ ئىككى كىتابقا قارىغاندا، ئاللا تەرىپىدىن نازىل بولغان تېخىمۇ توغرا بىر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەي»»
دەرۋەقە، مۇھەممەد تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ توغرىلىقىنى ھەم قۇرئان بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق قىلغان.

(7) سۈرە «مائىدە»، 43-ئايەتتە: ـ

«ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاللانىڭ ھۆكمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋرات تۇرسا (يەنى تەۋراتتىكى ھۆكۈملەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمايۋاتسا) (ئى مۇھەممەد) قانداقچە سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلىدۇ؟»

يوقىرقى ئايەتلەرنىڭ مەنىسى ئېنىق ھەم ئوچۇق تۇرۇپتۇكى، ئۇنى يەنە شەرھلەش ياكى چۈشەندۈرۈپ يۈرۈشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق بولسا كېرەك.

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسى دەل شۇكى، دۇنيادا يورۇقلۇق ۋە يېتەكلىگۈچى بولسۇن دەپ، مۇقەددەس كىتاب (يەنى تەۋرات ۋە ئىنجىل)نى ھەممىگە قادىر دانا بىر خۇدا چۈشۈرگەن. كىتابنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىغا رىئايە قىلىش ۋە ئەگىشىش كېرەك. بىر مۇسۇلمان بۇ كىتابتىكى سۆزلەرگە ئىشەنمىسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭدا ئېتىقادنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ يولدىن بەكمۇ ئېزىپ كەتكەنلىكىدۇر. يەنە كېلىپ، مۇھەممەد دەۋرىدىكى مەككىلىكلەرگە نىسبەتەن تەۋرات بىلەن ئىنجىل قۇرئانغا ئوخشاشلا تونۇشلۇق ئىدى.

قېرىندىشىم، مەنىسى ئېنىق تۇرغان بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ تۇرۇپ يەنىلا مۇقەددەس كىتابقا ئىشەنمەي، ئۇنى ھاجەتسىز ياكى مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ خۇدا ئۆز ئەمرلىرىگە ئىتائەتسىزلىك قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرۈپ ھېساب ئالىدىغان كۈنىدە، كىتاب-دەپتەرلىرىنى ئاچقىنىدا، ئۆزىڭىزنى قانداقمۇ ئاقلىيالايسىز؟ سىزنىڭ شۇ كىتابنى (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل)نى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىشىڭىزنى ۋە پرىنسىپلىرىغا ئىتائەت قىلىشىڭىزنى دەۋەت قىلىمەن. شۇنداق قىلغاندا، سىز بىرلا ۋاقىتتا

خۇدانىڭ ھەم ئادالەتلىك (ھەر بىر گۇناھنى جازالايدىغان) ھەم بىزگە رەھىم-شەپقىتىنى كۆرسىتىدىغان بىردىنبىر يولىنى بايقىيالايسىز. گۇناھلىرىڭىزنى يۇيۇش ئىمكانىيىتىنى تاپالايسىز ھەمدە بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم زات ـ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق مەڭگۈلۈك شادلىققا ئېرىشەلەيسىز.

لېكىن مەلۇم بىر قېرىندىشىم مۇنداق دەپ رەددىيە بېرىشىمۇ مۇمكىن: ـ

«سىزنىڭ نەقىل كەلتۈرگەن ئايەتلىرىڭىز راست، خۇلاسىڭىزمۇ توغرا. بىراق سىز مېنىڭ ئىشىنىشىمنى تەلەپ قىلغان، قۇرئان گۇۋاھ بولۇپ تەستىقلىغان ئاشۇ «تەۋرات ۋە ئىنجىل» دېگەن كىتابىڭىز ئۆزگەرتىلگەن ۋە بۇرمىلانغان؛ ئۇنىڭغا بىر قارا قول تەگكەن. سىز بۇگۈن «تەۋرات ۋە ئىنجىل» دەپ ئاتاۋاتقان كىتابلار، قۇرئان گۇۋاھ بولۇپ تەستىقلىغان كىتابلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇلاردىن داجىپ كەتكەنلىكى دەل شۇ سەۋەبتىن. بۇنى ئۇلاردىن كۆرگىلى بولامدۇ؟!».

مۇشۇنداق رەددىيە قىلغۇچىلار ۋە شۇلارغا ئوخشاشلاردىن شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، ئۇلار جاۋابىمنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ بىتەرەپ ھۆكۈم چىقارسۇن.

سىز يۇقىرىدا قۇرئاندىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەردىن، مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات، ئىنجىل)نىڭ مۇھەممەد دەۋرىدىلا تولۇق مۇكەممەل بولغانلىقى ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ ئۆتتىڭىز. شۇنداق بولمىغان بولسا، مۇھەممەد ئۆزى ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق قىلالمايتتى ۋە ياكى كىشىلەرگە ئۇنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلىشنى بۇيرۇيالمايتتى. ھېچ بولمىغاندا، مۇقەددەس كىتابنىڭ مۇھەممەد دەۋرىدە توغرا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلمەي، ئويدۇرمىچىلىقتىن خالىي ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىڭىز كېرەك.

مەن يەنە سىزدىن تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى ئوقۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. ئۇلاردىن ئۆزىڭىز شۇنداق ئۆزگىرىش مۇمكىنچىلىكى ياكى ئىنسان بالىلىرىنىڭ شۇنداق يول بىلەن ئۇنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار-يوقلۇقىنى كۆرەلەيسىز.

«(ئى مۇھەممەد!) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ كىتابىدىن ساڭا ۋەھيي قىلىنغاننى ئوقۇغىن، ئاللانىڭ سۆزلىرىنى ھېچ كىشى ئۆزگەرتەلمەيدۇ» (سۇرە «كەھف»، 26)

«...ئاللانىڭ سۆزلىرىنى ھەرقانداق ئادەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ» (سۇرە «ئەنئام»، 33)

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر». (سۈرە «ئەنئام»، 115)

«ئاللا ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ»
(«يۇنۇس»، 64-ئايەت)

«ئاللانىڭ يولىدا (ئەرەبچە، كالامىدا) ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن (يەنى ئاللانىڭ تۇتقان يولى ئۆزگەرمەيدۇ)» (سۈرە «فەتىھ»، 22-ئايەت)

«...قۇرئان غالىب كىتابتۇر. بۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل (ئىنساۋەتسىز) يۈزلەنمەيدۇ» (سۈرە «فۇسسىلات»، 40-41-ئايەت)

«قۇرئاننى (ئەرەبچە، «ئەسكەرتىش»نى) ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز» (سۈرە «ھىجر»، 9-ئايەت)

يۇقىرىقى سۈرىلەردىن، خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ھېچكىمنىڭ ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرەلەيسىز، چۈنكى خۇدا بىر كىتاب چۈشۈرگەندىن كېيىن ئۇنى قوغداشقا ۋەدە بەرگەن. ئەگەر بىرسى يۇقىرىقى «ھىجر»

سۈرىدىكى «ئەسكەرتىش» دېگەن سۆز پەقەتلا قۇرئاننى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىسا، مەن: ـ بۇ «ئەسكەرتىش» دېگەن سۆز تەۋرات ۋە ئىنجىلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. مەسىلەن قۇرئاندىكى بايانغا قاراپ بېقىڭ: ـ

«ئەگەر (بۇنى) بىلمىسەڭلار ئەھلى ئىلىمدىن (ئەھلى-ئەسكەرتىشتىن) (يەنە تەۋرات، ئىنجىللارنى بىلىدىغانلاردىن) سوراڭلار» (سۈرە «ئەنبىيا» 7-ئايەت) ئەمەلىيەتتە، تەۋراتنىڭ ئۆزى سۈرە «ئەنبىيا» 47-ئايەتتە «قۇرئان» («فۇرقان») دەپ ئاتالغان: ـ

«بىز ھەقىقەتەن مۇسا بىلەن ھارۇنغا فۇرقاننى (يەنى ھەق بىلەن باتىلنى (ناھەقنى)، ھالال بىلەن ھارامنى، ھىدايەت بىلەن گۇمراھلىقنى (ئالدىنىپ كەتكەنلىكنى) ئايرىغۇچى (تەۋراتنى)، نۇرنى، تەقۋادارلارغا (پايدىلىنىدىغان) ۋەز-نەسىھەتنى (ئەسكەرتىشنى) بەردۇق».

مۇنداقچە ئېيتقاندا، قۇرئانغا قارىتىلغان ھەممە سۆز تەۋرات ۋە ئىنجىلغا قارىتىلغان ئەمەسمۇ؟ چۈنكى تەۋرات ۋە ئىنجىل خۇدانىڭ سۆزلىرىدۇر؛ ئېتىقادىڭىز بويىچە، قۇرئانمۇ خۇدانىڭ سۆزى بولىدۇ. قۇرئاندا خۇدا ئۆز سۆزلىرىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش، قوشۇلۇپ قېلىش ياكى ئېلىۋېتىلىشلارنىڭ مۇتلەق

بولمايدىغانلىقىنى (جالالايىن ئۆلىما دېگەندەك) ئېيتقانلىقىغا ئىشەنسىڭىز، ئۇنداقتا قانداقسىگە «تەۋرات ۋە ئىنجىل ئۆزگەرتىلگەن» دېگىلى بولسۇن؟

ئەگەر سىز يەنە «ئۆزگەرتىلگەن»لىكىنىڭ ئېھتىمالى بار دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا قۇرئانىڭمۇ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنىڭ ئېھتىمالى بار بولغان بولىدۇ، چۈنكى تەۋرات ۋە ئىنجىل ئۇچۇن ئېھتىماللىقى بار بولغان ئىشلار، ئوخشاشلا قۇرئاندىمۇ بار بولىۋېرىدۇ. ئۆلىما ئال-رازىنىڭ دېگىنىدەك، «ئىنسانلار خۇدانىڭ سۆزلىرىنى (تەۋرات ۋە ئىنجىلنى) ئۆزگەرتەلەيدىغان بولسا، شۈبھىسىزكى قۇرئانىمۇ ئۆزگەرتەلەيدىغان بولىدۇ». سىز قۇرئاننى «ئۆزگەرتىلگەن» دەپ ئېتىراپ قىلمايسىز. شۇنىڭغا ئوخشاش، تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭمۇ ئۆزگەرتىلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ھەقىقىيلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئەمر-پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ، «يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىق» بولغان قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنى تونۇتىدىغان يېتەكلىگۈچى سۈپىتىدە تەۋرات ۋە ئىنجىلنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك.

ئەمدى، مەدىنەدە يېزىلغان سۈرىلەر يەنى ئاتالمىش «تەۋراتنىكى ئايەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشى» توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتسەك، بۇ ئايەتلەر پەقەتلا بەزىبىر

يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان ئىدى. تۆۋەندە باشقا بىر كىتابتىن سۆز ئالساق: ـ

بىرىنچى، «ئال-ئىمران» سۈرە، 78-ئايەتتە: ـ

«ئۇلاردىن (يەنى يەھۇدىيلاردىن) بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى، سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن، تىللىرىنى ئەگرى-بۈگرى قىلىپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى ئاللا تەرىپىدىن نازىل بولغان دەيدۇ. ...ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللا نامىدىن يالغان ئوقۇيدۇ».

بىرەرسى «بۇ ئايەت تەۋراتنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى دېمەكچىمۇ؟» دەپ سوراپ قالسا، ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ئايەت دەل شۇنىڭ تەتۈرسىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى مۇشۇ يەردە، كىتابنىڭ ئۆزگەرتكەنلىكىنى دېمەي، بەلكى «بىر تۈركۈم» ئادەملەر ئوقۇغان ۋاقتىدا، خاتا تەلەپپۇز بىلەن مەنىسىنى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن بۇرمىلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىكى كىتاب دەل ئەسلىدىكى تەۋراتتىن باشقا كىتاب ئەمەستۇر.

ئىككىنچى، سۈرە «نىسا»، 46-ئايەت: ـ

«يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدە كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار «سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق، بويسۇنمىدۇق، بىزگە قۇلاق سال، بىز ساڭا قۇلاق سالمايمىز» - دەيدۇ، دىنغا تەنە قىلىش

يۈزىسىدىن «رائىنا» دېگەن سۆزنى تىللىرىنى ئەگرى قىلىپ ئېيتىدۇ».
بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى يۇقىرىقى مىسالغا ئوخشاش، يەنە «بىر تۈركۈم» ئادەملەرنىڭ تىللىرىنى ئەگرى قىلىپ خاتا تەلەپپۇز بىلەن تەۋراتنى ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئايەتمۇ (47-ئايەت) ئىسپات بېرىدۇ: -

«ئى كىتاب بېرىلگەنلەر! (يەنى يەھۇدىيلار)... ئۆزۈڭلاردىكى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تەستىق قىلىدىغان، بىزگە نازىل قىلغان كىتابنى (يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار».
دېمەك، ئۇلارنىڭ «ئۆزىدىكى كىتاب» دەل ئەسلى ئۆزگۈرتىلمىگەن ئەينەن تەۋراتتۇر.

سۈرە «مائىدە»، 13-ئايەتنىڭمۇ يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەتكە ئوخشاش مەنىسى بار. يەنە شۇ سۈرىدىكى 46-، 47- ئايەتلەر، سۈرە «يۇنۇس» 94-ئايەتلەرمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇ: -

«ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى-ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلغۇچى ئەيسا ئىبن-مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن

نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق،
«ئىنجىل» ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى
ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر)،
تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند-نەسىھەتتۇر. ئەھلى
ئىنجىللار (يەنى ناسارالار) ئاللا ئىنجىلدا نازىل قىلغان
ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، ئاللا نازىل قىلغان
ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر».
«مۇبادا سەن، ساڭا بىز نازىل قىلغان كىتابتىن
شەكلىنىدىغان (شۈبھىلىنىدىغان، گۇمان قىلىدىغان)
بولساڭ، سەندىن ئىلگىرى كىتاب ئوقۇغانلار (يەنى
تەۋرات بىلەن ئىنجىل نازىل قىلىنغان يەھۇدىيلەر ۋە
ناسارالار)دىن سوراپ باققىن...»
سۈرە «بەقەرە»، 113-ئايەتتىمۇ: -

«يەھۇدىيلار «ناسارالارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق
(يەنى ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)» دېدى. ناسارالارمۇ:
«يەھۇدىيلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (يەنى ئۇلار
توغرا دىندا ئەمەس)» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار كىتابنى
(يەنى يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتنى، ناسارالار ئىنجىلنى)
ئوقۇيدۇ» - دېيىلگەن.

(ئەمەلىيەتتە، «ناسارالار» (مەسىھ مۇخلىسلىرى)
تەۋرات-زەبۇر بىلەن ئىنجىل دېگەن ئىككى كىتابقا

ئىشىنىدۇ، بەزىدە ئۇلارنى «كونا ئەھدە» ھەم «يېڭى ئەھدە» دەپ ئاتايدۇ).

بىز يۇقىرىقى ئايەتلەر توغرىسىدىكى مۇزاكىرىمىزدە مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە، «ئىنجىل» توغرىسىدا تېخى ئانچە سۆز ئاچمىغان ئىدۇق؛ تەۋراتقا نىسبەتەن يۇقىرىقى ئايەتلەرمۇ بىزنى ئوخشاش خۇلاسىگە كەلتۈرىدۇكى، يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى تەۋرات ھەقىقىي تەۋراتتۇر، پەقەتلا بەزى يەھۇدىيلار (تەۋراتتىكى) ئايەتلەرگە مۇھەممەدنىڭ ئارزۇسىغا قارشى مەنىدە تەبىر بەرگەن. بۇ خۇلاسىگە ئۆلىما ئال-رازى، ئال-بايداۋىلارمۇ ئۇلارنىڭ «بۇزۇلغان تېكىستلار» دېگەن تەبىرىگە قوشۇلىدۇ. ئۇنداق بولمىغىنىدا، قۇرئاننىڭ مەدىنەدىكى سۈرىلىرى مەككەدىكى سۈرىلىرىگە زىت كېلىپ قالغان بولاتتى.

## 2-قىسىم

## ئەقلىي ئىسپات

ئاسمان ۋە دۇنيانى ھەم بارلىق جانلىقلارنى يارىتىپ ئىبىز سۆز بىلەن ياراتقان خۇدانىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ھەربىر ئەقىل ئىگىسى بىلىدۇ. خۇدانىڭ نۇرغۇن كارامەتلىرىدىن، كائىناتنىڭ بارلىق

ئۇنىۋېرسال قانۇنىيەتلىرىنىڭ توپ-توغرا ئىكەنلىكىدىن ۋە مىڭلىغان يىللاردىن بېرى ئۆزگەرمىگەنلىكىدىن ئۇنىڭ دانالىقى ھەممىگە ئايانىدۇر. خۇدا ھەم قادىر ھەم دانا بولغاچقا، ئەقىل ئىگىلىرى بولغان ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسىغا بولغان مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا بىر-بىرىگە بولغان بۇرچلىرىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرىدىغان بىر ئاساسىي نىزام ياكى تۈزۈلمىنى ئۆزى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك ئىدى. ئىنسان ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تەغدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى - ئىتائەتسىزلەرگە جازا بېرىلىدىغانلىقىنى، ئېتىقاد قىلىپ ئىتائەت قىلغانلارغا ئىنئام بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىشكە موھتاج ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا مالىمانچىلىق، قانۇنسىزلىقلار ئارىسىدا ئەۋج ئېلىپ، چوڭ بېلىق كىچىك بېلىقنى يۇتۇۋالىدىغاندەك بولۇپ قالغان بولاتتى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىنسانلارنى خۇددى ئۆز مەدەنىيىتىنى يوقاتقان بەزى مىللەتلەردەك، ئۆزىنى ھالاك قىلىشقا ئېلىپ باراتتى. شۇنداق بولغاندا ئىنسانغا نىسبەتەن ئەخلاق بىلەن ئەخلاقسىزلىق ئوتتۇرىسىدا پەرق قالمايتتى. بۇ خىل ئەھۋاللارنى ھەممىگە قادىر ۋە بىردىنبىر دانا بولغان پەرۋەردىگارىمىزنىڭ قوبۇل قىلالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

خۇدانىڭ ئىنسانغا چۈشۈرگەن بۇ نىزام بىلەن تۈزۈلمىنامىنى، ئەگەر تەۋرات ۋە ئىنجىل ئەمەس دېسىڭىز، سىز دەپ بېقىڭ، ئۇنداقتا ئۇ نېمە؟ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئېھتىياجنى قاندۇرالايدىغان (ھەممە دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتكەن) باشقا بىر قەدىمىي مۇقەددەس كىتاب بارمۇ؟ بەرھەق، يوقتۇر!

شۈبھىسىزكى، ھەممىگە قادىر ۋە بىردىنبىر دانا خۇدا، شۇنداق بىر كىتابنى ئىنسانلارغا نىزام ۋە يېتەكلىگۈچى بولسۇن دەپ چۈشۈرگەندە، ئۇنى ئۆزگەرتىش، قوشۇلۇپ قېلىش، ئېلىنىپ كېتىش ۋە بۇزۇلۇشتىن ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلغان. شۇنداق قىلمىغان بولسا، ئۇ كىتاب شەيتان ۋە ھەر بىر يامان نىيەتلىك ئادەمنىڭ زەربە نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى، ۋە ياكى نۇرغۇنلىغان «مۇقەددەس كىتابلار» پەيدا بولغان بولاتتى، پىكىرلەر بۆلۈنۈپ، ھەقىقەتنىڭ ئۆزى قايمۇقۇش ۋە مالىمانچىلىق ئىچىدە يوقىلاتتى. بۇنداق ئىشلار خۇدادىن ناھايىتىمۇ يىراق! چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ كىتابلىرى، تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنىڭ ھەربىر قىسمىنى ئۆزگىرىشتىن، خاتالىق سادىر بولۇشتىن ئەسىرمۇئەسىر ساقلاپ كەلگەن. ئۇ بۇ كىتابلارنى، ئازغانلارغا يول كۆرسەتكۈچى مەشئەل سۈپىتىدە ساقلاپ كەلگەن.

مۇقەددەس كىتابلار، تەۋرات ۋە ئىنجىللارنى ئۆزگەرتىشتەك بىر «سۈيىقەست» مەۋجۇت بولۇشى

ئۇچۇن نۇرغۇن يەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر، بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىرلىشىشى كېرەك ئىدى. ئەمما بۇنداق بىر بىرلىشىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. دەسلەپتە، قۇرئان پەيدا بولغان چاغدا (مىلادىيەدىن كېيىن 7-ئەسىردە) يەھۇدىي ئېتىقادچىلىرى ھەم مەسىھ (خىرىستىئان) مۇخلىسلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى، مەسىلەن سۇرىيە، تۈركىيە، مىسىر، ئېفىئوپىيە، پارس، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، قەشقەر، تۇرپان، جوڭگو ۋە ياۋروپالارغا تارقالغانىدى. مۇقەددەس كىتابلار، بولۇپمۇ ئىنجىل، ئەينى ئىبرانىي تىل ۋە يۇنان (گرېك) تىلىدىن نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىلىغا، جۈملىدىن ئەرەبچە، ئارمېنچە، ئامھارچە (ئېفىئوپىيە تىلى) كوپتچە ۋە لاتىنچىغا ئاللىبۇرۇن تەرجىمە قىلىنغان. تۇرپاندىمۇ ئارخېئولوگلار ئىنجىلنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن بىرنەچچە قىسىملىرىنى قېزىپ چىققان. بۇ نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى مۇقەددەس دەپ بىلگەن كىتابنى ئۆزگەرتىش سۇيىقەستىدە بىر يەرگە جەم بولالايدۇ دېگەننىگە ئىشىنىش ئەقىلگە سىغامدۇ؟ ئارىلىقنىڭ يىراقلىقى بىر ياقتا تۇرسۇن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تىلى ۋە كۆزقاراشلىرى، ھەرقايسى مەزھەپلەر ئۆزلىرىنىڭ تەكىتلەيدىغان ئىشلىرىدىمۇ نۇرغۇن پەرقلەر بولغان تۇرسا؟ ئەكسىچە، بۇ نۇرغۇنلىغان يەرلەردىكى، ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھەرقايسى مىللەت

كىشىلىرىنىڭ قولىدىكى كىتاب دەل ئەنە شۇ بىر تەۋرات ۋە بىر ئىنجىلدۇر.

شۇبھىسىزكى، بەزىلەرنىڭ «مۇقەددەس كىتابلار ئۆزگەرتىلگەن» دەۋېلىشى ئىسپاتسىز، ئاساسسىز تۆھمەتتۇر. «ئۆزگەرتىلگەن» دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۆزگەرتىلگەن تېكىستلەر قېنى؟ قايسى تېكىستلەر؟ ئەينى نۇسخا قانداق ئىدى؟ ئۇلارنى بۇرمىلاشتىكى مەقسەت نېمە ئىكەن؟ بۇ سوئاللارغا كىم جاۋاب بېرەلەيدۇ؟ ئېھتىياتچان بىر ئالىم ئۆز ھۆكۈمىنىڭ ئاساسى تولۇق بولماي تۇرۇپ، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئوتتۇرىغا چىقارمايدۇ.

ھىجرادىن ئىلگىرىكى ئۆزلىرىنى خىرىستىئان دەيدىغان بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى، مەسىلەن: ھىميار، غاسان، رابىيە قەبىلىلىرى ۋە نىجرانلىق، ھېرالىق قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىنجىل ئەسلىدە ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغانىدى. بۇنداق بولمىغىنىدا ئۇلار قانداقلارچە ئىنجىلغا ئىمان كەلتۈرسۇن؟ بۇ پاكىتلار «ئال-ئاغانىي» («نەزمىلەر») دېگەن كىتابتا دەلىللىنىپ ئىسپاتلانغان، چۈنكى بۇ كىتابدا ۋاراكا بەن ناۋفال (مۇھەممەد دەۋرىدىكى ئەڭ داڭلىق يازغۇچى) ئۆزىنىڭ بۇ كىتابنى يازغانلىقىنى ھەم «ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان ئىنجىلدىن خالىغان يېرىدىن كۆچۈرگەن»لىكىنى بايان قىلىدۇ. «ئىنجىل ئۆزگەرتىلگەن» دېگەنلەر بۇ كىتابتىن مۇشۇ سۆزگە ئىسپات تاپالىغان بولسا، ئۇ چاغدا ۋاراكا بەن ناۋفالنىڭ

شۇ كىتابىدىن ئاسانلا ئىسپات ئالغان بولاتتى. ئەمما ئالمىغان.

يەھۇدىيلارغا كەلسەك، مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات، زەبۇر)نى ساقلاشقا بولغان قىزغىنلىقى دۇنياغا مەشھۇر. ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى ۋە ئالىملىرى بىلەن ئارىلىشىپ كۆرگەن ھەربىر ئادەمگە ئۇلارنىڭ ھەتتا تەۋراتتىكى سۆزلەرنىڭ ۋە ھەرپلەرنىڭ قانچە ۋە نەچچە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدىغانلىقىمۇ ئايان. شۇڭا ئېيتالايمىزكى، مۇقەددەس كىتابنىڭ پۈتۈنلىكىدە ھېچقانداق شەك يوق ھەم كەلگۈسىدىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ؛ بۇنىڭغا ئەڭ ئەقەللىي بىلىم ۋە بۇ كىتابنىڭ دەۋردىن-دەۋرگە قالدۇرۇلۇش جەريانلىرى گۇۋاھ بولالايدۇ.

كىتابلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ئۇلارنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە باراۋەر ئەمەس؛ تەكشۈرۈپ، ئىزدىنىپ، سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭ. شۇنداق قىلغاندا پاكىتلارغا ئېرىشىسىز. چۈنكى ئارزۇ-ھەۋەسلەر ۋە شەخسىيەتچىلىكنى ئاشكارىلاپ ئۇنى ئەيىبلەيدىغان، ئادەملەرنىڭ رەزىل كۆڭۈللىرىنى ئۆزگەرتىدىغان بۇ كىتاب ـ خۇدانىڭ ساپ، پاك، دانا خاراكتېرلىرىگە

ھەممە جەھەتتىن ئۇيغۇن بولغان، مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشقا ئۈندەيدىغان، خۇدانى، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر ئىنسان ئوغلىنى جۇملىدىن دۈشمەنلەرنىمۇ سۆيۈشكە ئۈندەيدىغان، يامانلىقنى قايتۇرۇشقا يول قويمايدىغان

ۋە ئادەمئاتىنىڭ بارلىق پەرزەنتلىرىنى قېرىنداشلار دەپ قارايدىغان بۇ كىتاب بەرھەق بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى پەرۋەردىگارنىڭ جاھاندىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۇچۇن بەرگەن كىتابىدۇر.

## 3-قىسىم

## تارىخىي ئىسپات

مۇقەددەس كىتاب (ئىنجىل، زەبۇر ۋە تەۋرات)نىڭ دەۋرسىزلىكى ۋە ھەقىقەتلىكىنى رەت قىلغىلى بولمايدۇ. پۈتۈن ئالەمدىكى ھەرقانداق بىر كىتاب ئۇنىڭغا ئوخشاش تولۇق ئىسپاتلانغان ئەمەس. تارىخ ئەڭ ئادىل گۇۋاھچى ھەم ئەڭ ئىشەنچلىك ئىسپات بولغاچقا، مۇزاكىرىلىرىمىزدە گۇمانىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ھەقىقەتنى روشەن قىلىدىغان تۆۋەندىكى ئىسپاتنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

ئېنىقكى، مۇقەددەس كىتاب نۇرغۇنلىغان بېشارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بېشارەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاللىبۇرۇن ئەمەلگە ئېشىپ بولغان. قالغانلىرى بولسا، ۋاقتى-سائىتى توشقاندا ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي قالمايدۇ. خۇدا مۇقەددەس بەندىلىرى بولغان پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ يۈز

بېرىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا ئېيتقان؛ مەسىلەن، مەلۇم پادىشاھلارنىڭ كۈچىيىدىغانلىقىنى ۋە بەزىلىرىنىڭ گۇمران بولىدىغانلىقىنى، بۈيۈك شەھەرلەرنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى ئويلاپ باقمىغان ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك دۆلەتلەرنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنىمۇ ئالدىن ئېيتقانىدى.

بۇنىڭغا مۇنداق بىر مىسالنى كۆرەيلى. ناھۇم پەيغەمبەر ئاسۇرىيەنىڭ پايتەختى بولغان نىنەۋەنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى ئېنىق ئالدىن ئېيتقان. نىنەۋە شەھىرى بولسا، ئەسلىدە ئېگىزلىكى 30 مېتىر، ئايلانمىسى 95 كىلومېتىر كېلىدىغان سېپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ، 60 مېتىر ئېگىزلىكتىكى 1500 مۇنارى بار ئۇلۇغ بىر شەھەر ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ ھالاك بولۇشى توغرۇلۇق بېشارەت خەتمۇخەت ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

يەشايا پەيغەمبەر بىلەن يەرەمىيا پەيغەمبەر، قالدىيە خەلقلىرىنىڭ پايتەختى بولغان «بابىل» ياكى «بابىلون»نىڭ ئەڭ باياشات ۋە ئەڭ گۈللىنىۋاتقان دەۋرىدە شۇ شەھەر ۋە ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى ئالدىن ئېيتقان. يەشايا پەيغەمبەرنىڭ بېشارەتلىرىدىن 160 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاشۇ ئۇلۇغ شەھەر بابىل پەيغەمبەرلەرنىڭ دېگىنىدەك ۋەيران بولۇپ كەتتى. خېرودوت ۋە شېنوفوندىن ئىبارەت ئىككى گرېك تارىخشۇناسىنىڭ بابىلنىڭ گۇمران

بولۇش ئەھۋالى توغرىسىدا يازغان بايانلىرى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاجايىب ئوخشىشىدۇ.

مۇقەددەس كىتابتىكى نۇرغۇن باشقا بېشارەتلەر ئىچىدە ئەزاكىيال پەيغەمبەرنىڭ تۇر شەھىرى توغرىسىدىكى بېشارىتى بار: (ئەزەلىيال» 26-باب)

«ئون بىرىنچى يىلى، ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدە شۇنداق بولدىكى، پەرۋەردىگارنىڭ سۆزى ماڭا كېلىپ مۇنداق دېيىلدى: -

«ئى ئىنسان ئوغلى، تۇرنىڭ يېرۇسالېم توغرۇلۇق: «ۋاھ! ياخشى بولدى! ئەللەرنىڭ دەرۋازىسى بولغۇچى ۋەيران بولدى! ئۇ ماڭا قاراپ قايرىلىپ ئېچىلدى؛ ئۇنىڭ ۋەيران قىلىنىشى بىلەن ئۆزۈمنى تويغۇزىمەن!» دېگىنى تۈپەيلىدىن، - شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق

دەيدۇ: - مانا، ئى تۇر، مەن ساڭا قارشىمەن، دېڭىز

دولقۇنلارنى قوزغىغاندەك، كۆپ ئەللەرنى سەن بىلەن قارشىلىشىقا قوزغايمەن؛ ئۇلار تۇرنىڭ سېپىللىرىنى بەربات قىلىپ، ئۇنىڭ مۇنارلىرىنى چېقىپ يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى توپىلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇنى تاقىر تاش قىلىپ قويىمەن. ئۇ پەقەت دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى تورلار يېيىلىدىغان جاي بولىدۇ؛ چۈنكى مەن شۇنداق سۆز قىلدىم، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار؛ ئۇ ئەللەر ئۈچۈن ئولجا بولۇپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقتا قالغان قىزلىرى قىلىچ بىلەن قىرىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىدۇ.

— چۈنكى رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: —

مانا، مەن تۇر بىلەن قارشىلىشىشقا بابىل پادىشاھى نېبوقادنەسار، يەنى «پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى»نى، ئاتلار، جەڭ ھارۋىلىرى بىلەن، ئاتلىق چەۋەندازلار، قوشۇن ۋە زور بىر توپ ئادەملەر بىلەن شىمال تەرىپىدىن چىقىرىپ ئېپكېلىمەن. ئۇ قۇرۇقلۇقتا قالغان قىزلىرىنى قىلىچ بىلەن سويىدۇ، ساڭا مۇھاسىرە پوتەيلىرىنى قۇرىدۇ، سېپىلغا چىقىدىغان دۆڭلۈكنى ياسايدۇ، ساڭا قاراپ قالقانلىرىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇ سېپىللىرىڭغا بۆسكۈچى بازغانلارنى قارىتىپ تىكلەيدۇ، قورال-پالتىلىرى بىلەن مۇنارلىرىڭنى چېقىپ غۇلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارنىڭ كۆتۈرگەن چاڭ-توپىسى سېنى قاپلايدۇ؛ سېپىللىرى بۆسۈلگەن بىر شەھەرگە بۆسۈپ كىرگەندەك ئۇ سېنىڭ قوۋۇقلىرىڭدىن كىرگەندە، سېپىللىرىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ، چاقلارنىڭ ھەم جەڭ ھارۋىلىرىنىڭ ساداسى بىلەن تەۋرىنىپ كېتىدۇ.ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى بىلەن ئۇ بارلىق رەستە-كوچىلىرىڭنى چەيلەيدۇ؛ ئۇ

پۇقرالىرىڭنى قىلىچ بىلەن قىرىدۇ، كۆچلۈل تۈۋرۈكلىرىڭ يەرگە يىقىلىدۇ.
ئۇلار بايلىقلىرىڭنى ئولجا، مال-تاۋارلىرىڭنى غەنىمەت قىلىدۇ؛ ئۇلار سېپىللىرىڭنى بۇزۇپ غۇلىتىپ، ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىڭنى خارابە قىلىدۇ؛ ئۇلار سېنىڭ تاشلىرىڭ، ياغاچ-لىملىرىڭ ۋە توپا-چاڭلىرىڭنى دېڭىز سۇلىرى ئىچىگە تاشلايدۇ.
مەن ناخشىلىرىڭنىڭ ساداسىنى تۈگىتىمەن؛ چىلتارلىرىڭنىڭ ئاۋازى قايتىدىن ئاڭلانمايدۇ.
مەن سېنى تاقىر تاش قىلىمەن؛ سەن تورلار يېيىلىدىغان بىر جاي بولىسەن، خالاس؛ سەن قايتىدىن قۇرۇلمايسەن؛ چۈنكى مەنكى پەرۋەردىگار شۇنداق دېگەنمەن، دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار...
مەن سېنى باشقىلارغا بىر ئاگاھى-ۋەھشەت قىلىمەن؛
سەن قايتىدىن ھېچ بولمايسەن؛
ئۇلار سېنى ئىزدەيدۇ، بىراق سەن مەڭگۈگە تېپىلمايسەن»
- دەيدۇ رەب پەرۋەردىگار».

بۇنىڭدىن تارىخ بىز ئۈچۈن خاتىرلىگەن تۆۋەندىكى پاكىتلارنى كۆرەلەيمىز: -

ئەزاكىيال پەيغەمبەر 26-باب، 8-ئايەتتىن، نېبوقادنەسار پادىشاھنىڭ تۇر دېگەن شەھەرنى ۋەيران

قىلىدىغانلىقىنى ئوقۇيمىز. پەيغەمبەر 3-ئايەتتە، كۆپ دۆلەتلەرنىڭ تۇر شەھىرىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، 4-ئايەتتە، بۇ شەھەرنىڭ بىر تاقىر تاشقا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، 5-ئايەتتە تاشنىڭ ئۈستىگە بېلىقچىلارنىڭ تورلىرى يېيىلىدىغانلىقىنى دەپ ئۆتكەن. 12-ئايەتتە، شەھەر خارابىلىرىنىڭ دېڭىزغا تاشلىۋېتىلىدىغانلىقىنى، 14-ئايەتتە شەھەرنىڭ قايتا قۇرۇلالمايدىغانلىقىنى ۋە 21-ئايەتتە، ئۇنىڭ مۇتلەق غايىب بولىدىغانلىقىنىڭ بېكىتىلگەنلىكىنى ئالدىن دېگەن.

ئەزاكىيالىنىڭ بېشارىتىدىن ئۈچ يىل كېيىن، بابىلنىڭ پادىشاھى تۇر شەھىرىنىڭ ئۆز شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ تەسلىم بولۇشىغا قەدەر، يەنى 13 يىل ئۇنى قورشاپ تۇردى. ئاخىرى ئۇ شەھەرگە بۆسۈپ كىرگەن، لېكىن شەھەر ئاھالىسىنىڭ دېڭىزدىن ئۆتۈپ شەھەردىن يېرىم كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر ئارالغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان. بابىلنىڭ پادىشاھى شەھەرنى ئەزاكىيال 8-ئايەتتە ئالدىن ئېيتقىنىدەك، يەر بىلەن يەكسان قىلغانىدى.

كېيىن بۈيۈك ئىسكەندەر (ئالېكساندىر، گرېكلارنىڭ ئىمپېراتورى) كېلىپ، ئىسيان كۆتۈرگەن شۇ ئارالدىكى تۇر شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. ئىسكەندەر كونا شەھەرنىڭ خارابىلىرىدىن ئىشلىتىپ، شۇ ئارالغا بارىدىغان 60 مېتىر كەڭلىكتىكى بىر يولنى ياساپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئەزاكىيالىنىڭ

بېشارىتىدىكى 3-، 12-ئايەتتە دېيىلگىنىدەك، بۇ يەرنىمۇ بېسىۋالدى. كېيىن 4-5 ئايەتلەردە دېيىلگىنىدەك، شەھەر قايتا بىر تاقىر تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن.

تۇرنىڭ تارىخى ئىسكەندەرنىڭ دەھشەتلىك ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشى بىلەن ئاياغلاشقان ئەمەس. كېيىن، ئاۋۋال ئانتىگون (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 314-يىلدا)، ئاندىن پىتولېمى فىلادېلفۇس (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 285-247-يىللاردا) ئۇنىڭ سودىسىنىڭ ۋە دېڭىز ئۈستىدىكى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى بىتچىت قىلغان. ئاخىرى، مىلادىيەدىن كېيىنكى 1321-يىلى ئەرەب جەڭچىلىرى ئۇنى ئىشغال قىلىپ پۈتۈنلەي ھالاك قىلغان. شۇ چاغدا ئەرەب ساياھەتچىسى ئىبن باتۇتانىڭ سۆزلىرى بىلەن ئېيتقاندا، شەھەر «بىر تەمسىل، ... پۈتۈنلەي بىر خارابە» بولدى. بۇ ئەھۋال بېشارەتتىكى 14-ئايەتتە دەل ئالدىن ئېيتىلغان.

ئەزاكىيالىنىڭ دەۋرىدە تۇر ئۇلۇغ، گۈللەنگەن بىر شەھەر ئىدى. ئەينى چاغدىكى بۇ كۈچلۈك شەھەرنىڭ بايلىقلىرى ۋە شان-شەرەپلىرىنى كۆرگۈچى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئەزاكىيال پەيغەمبەرنىڭ شۇ بېشارەتلىرى بەك كۈلكىلىك سېزىلگەن بولسا كېرەك. ئىنسان تەپەككۇرى بويىچە بولغاندا، بۇ بېشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش مۇمكىنچىلىكىنىڭ نىسبىتى 750 مىليوننىڭ بىرى بولاتتى. ھالبۇكى، دېيىلگەن بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغىچىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان!

«شۇڭا رەب پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: ـ مانا، ئى تۇر، مەن ساڭا قارشىمەن، دېڭىز دولقۇنلارنى قوزغىغاندەك، كۆپ ئەللەرنى سەن بىلەن قارشىلىشقا قوزغايمەن؛ ئۇلار تۇرنىڭ سېپىللىرىنى بەربات قىلىپ، ئۇنىڭ مۇنارلىرىنى چېقىپ يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى توپىلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، ئۇنى تاقىر تاش قىلىپ قويىمەن»

(«ئەزاكىيال»، 26:3-4).

## 4-قىسىم

## ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپات

تارىخنىڭ گۇۋاھچىلىرى بەزىدە قارشىلىقتا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتقا قىل سىغماس.

مۇقەددەس كىتاب قەدىمدىن ھازىرغىچە تەنقىد قىلغۇچىلارنىڭ ئوبيېكتى ۋە خۇداسىزلار بىلەن ئېتىقادسىزلارنىڭ ھۇجۇم قىلىدىغان نىشانى بولۇپ

كەلگەن. چۈنكى مۇقەددەس كىتاب ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىگە، نادان كۆزقاراشلىرىغا ۋە كىشىنى ھالاكەتكە باشلايدىغان پەلسەپىلىرىگە قارشى تۇرىدىغان كىتابتۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن نۇرغۇنلىرى پەلەستىن، بابىل، ئاسۇرىيە ۋە مىسىردىكى ئاسارئەتىقىلەرگە كۆز تىكىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ۋەھيي بېرىلگەن مۇقەددەس كىتابلاردىن ئازراق بولسىمۇ خاتالىق ۋە ياكى نۇقسان تېپىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇلار مۇقەددەس كىتابنى «پەقەتلا بۇرمىلانغان تەمسىللەر ۋە ئەنئەنىلەرنىڭ ئارىلاشمىسى» دېگەننى دۇنياغا ئىسپاتلىماقچى بولغان. ئەمما خۇدا ئۇلارنى نىيەتلىرىگە يەتكۈزمىگەن؛ ئۇلارنىڭ ئوقلىرى نىشاندىن ئېزىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئۈمىدلىرى يەردە قالدۇرۇلغان. چۈنكى ئابىدە تاشلار ۋە تارىخىي ھۆججەتلەر بۇتپەرەسلەر تەرىپىدىن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئاسارئەتىقىلەردە يېزىلغان گۇۋاھلار ۋەھيي بېرىلگەن مۇقەددەس كىتابلارغا مۇتلەق ماسلاشقان ئىدى.

بەزى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەۋرات ۋە ئىنجىل كىتابلىرى قۇرئان سۈرىلىرىدىكى ئاساسلىق تەلىملەرنىڭ تەتۈرى بولغانلىقىنى بايقىغىنىدا، «بۇ كىتابلار خاتا، بۇزۇۋېتىلگەن» دەپ شىكايەت قىلىشقان. ئەمما شىكايەتلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ دەلىل-ئىسپاتلىرى كەم بولغان. قەدىمىي ئارخېئولوگىيىلىك گۇۋاھلار نۇرغۇن ئېتىقادسىز

ئىزدەنگۈچىلەرنى مۇقەددەس كىتابقا ئىشەندۈرگەن. شۇڭا، مەن بۇ يەردە ئاشۇنداق ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ياردەم تاپقىنىدەك، ھازىرقى ئىزدىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىمنىڭمۇ ياردەم تېپىشىنى ئۈمىد قىلىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئاسارئەتىقىلەر ھەققىدە ئانچە-مۇنچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئېتىقادسىزلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلارغا ئىشەنمەسلىكى ۋە ئۇنىڭغا قاراتقان ئەشەددىي تەنقىدلىرى ئاساسەن ئىككى ئامىلدىن كېلىپ چىققان، دېيىشكە بولىدۇ. بىرىنچى ئامىل بابىل ئىمپېرىيەسى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 540-يىل)دىن ئىلگىرى پەلەستىندە «يېزىق تېخى شەكىللەنمىگەن (خەتلەر، ھەرپلەر مەۋجۇت ئەمەس دېمەكچى) ياكى ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلگەن» دېگەن ئۇقۇمدۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «مۇسا ياكى باشقا پەيغەمبەرلەر خەتنى قانداق يازغان؟» دەپ مازاق قىلىدۇ.

ئىككىنچى ئامىل بولسا، ئۇلار «تەۋرات چوقۇم قەدىمكى ئوتتۇرا شەرقتىكى مەدەنىيەتنىڭ سەۋىيىسىنى بەكلا ئاشۇرىۋەتكەن» دېگەنگە ئىشىنىپ كەتكەن - چۈنكى شۇ چاغدىكى تارىخشۇناسلار شۇ مەدەنىيەتنىڭ سەۋىيىسى ئەسلىدە بەك تۆۋەن دېگەن كۆزقاراشتا ئىدى. لېكىن يېقىنقى مەزگىللەردىكى مىسىر، بابىل، ئاسۇرىيەنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرىگە گۇۋاھچى بولغان نۇرغۇن يادىكارلىقلار مۇقەددەس

كىتابتىكى بايانلارنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە يىلنامىلىرى ئارقىلىق، ئاسۇرىيەنىڭ پادىشاھلىرى سەنناخىرىب، تىگلاف پىلەسەر ۋە بابىل پادىشاھى نىبوقادنەسار قاتارلىقلارنىڭ يۈرگۈزگەن ئۇرۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئىگەللىيەلەيمىز. بىز ھازىر يەشايا پەيغەمبەر، يەرەمىيا پەيغەمبەر، ھەتتا مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يازما كىتابلىرى ۋە مەكتۇپلىرىدە ئىشلىتىلگەن خەتلەرنىڭ شەكىللىرى ۋە ئۇسلۇبلىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرەلەيمىز. دېمەك، «قەدىمكى ئابىدە تاشلار گەپ قىلماقتا». بۇ ئابىدە تاشلار خۇدانىڭ يازغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە ئۇلارغا ۋەھيي چۈشۈرۈشى بىلەن مۇقەددەس كىتابلار ۋۇجۇدقا كەلگەن، دېمەكتە. بۇ ئاسارئەتىقىلەر بىزگە ھەتتا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2234-يىلدىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ يېزىش ئۇسۇللىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن دەپ ئىسپات بېرىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ «خەت يېزىش» سەۋىيىسى ئەزاكىيال، مۇسا ۋە ئىبراھىمنىڭ دەۋرلىرىدىن ئىلگىرىلا بىزنىڭ بۈگۈنكى سەۋىيىمىزگە يېقىنلاشقان.

ئەمدى مەن تەۋراتتا تەسۋىرلەنگەن، قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەر يېقىندا ھەقىقەتلىگەن مۇھىم ۋەقە ۋە ئىشلارنى تىلغا ئالماقچىمەن.

ئەنگلىيە مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنغان ئاسۇرىيەدىكى ئەينى تاش تاختىلار تەۋراتتىكى

«يارىتىلىش» قىسمىدىكى دۇنيانىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا دېگەنلەرنى ئاجايىب توغرا ئىسپاتلىغان. سەھىپە چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان بولسا مەن بۇ يەردە ئاشۇ تاختىلاردا يېزىلغانلارنى ئوقۇرمەن ئۇچۇن تەرجىمە قىلغان بولاتتىم. بۇ بايانلاردا، گەرچە رىۋايەت ئىزنالىرى بار بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي ئەھۋال ئېنىق بايان قىلىنغان. «دەسلەپتە ئىككىلا ئىنسان يارىتىلغاندى، ئۇلار «ئالىيجاناپ يۈزلۈك رەب» تەرىپىدىن يارىتىلغان» دېگەن خاتىرە تاش، ئەسلىدە يەر يۈزىدە پەقەت بىرلا جۈپ ئەر-ئايالنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھلىق قىلىدۇ. شۇ مۇزېيدا يەنە بابىلدىن ئېلىپ كېلىنگەن تۈۋرۈكتە بىر سۈرەت بار. سۈرەتتە، ئادەمئاتا ۋە ھاۋائانىمىز ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەرەخ ۋە ھاۋا ئانىمىزنىڭ كەينىدە بىر يىلان تۇراتتى. بۇ سۈرەت تەۋراتتىكى «يارىتىلىش» قىسمىنىڭ ئادەمنىڭ قانداق قىلىپ گۇناھ سادىر قىلغانلىقى توغرىسىدىكى بايانغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

بۇرۇنلاردا، ئېتىقادسىز ئالىملار مۇقەددەس كىتابنىڭ «نۇھ پەيغەمبەر ۋاقتىدىكى چوڭ توپان» توغرىسىدىكى بايانىنى پەقەتلا «ئەپسانە»، «كونىلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىن بىرى»، «تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلسا، ئۇنىڭ بىر ئويدۇرما ئىكەنلىكى چوقۇم پاش قىلىنىدۇ» دەپ قارايتتى. ئەمما ئارخېئولوگلارنىڭ ئۇزۇن تەكشۈرۈشلىرىدىن كېيىنكى بايقاشلىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدە خاتالاشانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا

ۋە ئىلگىركى سۆزلىرىنى ياندۇرۇۋېلىشقا مەجبۇرلىغان. تۇپاننىڭ پاكىت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. مۇشۇ ئېتىقادسىز ئالىملار ئىچىدە گېئولوگلار گەۋدىلىك مىسال ئىدى. چۈنكى ئاسۇرىيەدىكى قېزىلمىلار ئارىسىدا، ئەنگلىيە مۇزېيىدا ھازىر ساقلىنىۋاتقان بەزى ئابىدە تاختىلار بار. ئابىدە تاشلاردا، چوڭ بىر كېمىنىڭ قانداق ياسالغانلىقى، ئادەملەر ۋە ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ تۇپاندىن قانداق ساقلانغانلىقى، قاتتىق يامغۇرنىڭ قانداق قىلىپ نۇرغۇن ئادەم ۋە ھايۋانلار ياشاۋاتقان پۈتۈن يەر يۈزىنى بېسىۋېلىپ تۇپانغا ئايلانغانلىقى ھەمدە بارلىق جان-جانىۋارلارنىڭ قانداق ھالاك بولغانلىقى ۋە باشقا تەپسىلاتلار بايان قىلىنغان. ئۈنىڭ ئۈستىگە، يېقىندا بەزى شاڭگاڭدىكى ئارخېئولوگلار تۈركىيەدە ئارارات تېغىدىكى ئىنتايىن يۇقىرى مۇزلۇق ئىچىدە يوغان بىر ياغاچ كېمىنىڭ ئىز-قالدۇقلىرىنى تاپتى. يەرلىك كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ «نۇھ پەيغەمبەرنىڭ كېمىسى» دەيدۇ. ئارخېئولوگلارنىڭ (خەنزۇچە) بايانلىرىنى ئىنتېرنېتتىن تاپقىلى بولىدۇ.

ھەرقايسى قىتئەلەردىكى تاغلاردا، چوڭقۇر جىلغىلاردا، دېڭىز تاش قاتلىملىرى (تاشقا ئايلاندۇرۇلغان دېڭىز ھايۋانلىرى) بايقالماقتا. ئۇلاردىن بەزىلىرىنى پەقەت مەلۇم دېڭىزلاردىنلا تاپقىلى بولىدۇ. بېلىق ھەم دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بىرگە تاش قاتما شەكلىدە تاغ قاتلاملىرىدا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھەرقايسى مۇزېيلاردا

ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە قىزىقسىڭىز، مۇزېيلارغا بارسىڭىز بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس كىتابنىڭ چوڭ توپان توغرۇلۇق يازغان بايانىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنداق توپان بولمىغان بولسا، بۇ قۇلۇلە ۋە بېلىققا ئوخشاش دېڭىزدا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ قالدۇقلىرى قانداقمۇ ئۆزلىرى ياشىيالمايدىغان بۇنداق خىلۋەت ۋە ئېگىز تاغلارغا كېلىپ قالغان بولسۇن؟

سېمىت ئىسىملىك مەلۇم بىر ئالىم نىنەۋەھ شەھىرىنىڭ خارابىلىرىدىن بىر تاختىنى بايقىغان. ھازىر بۇ تاختا ئەنگلىيە چوڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدا تەۋراتتىكى خاتىرىلەرنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن يەرلەر بار. ئۇنىڭدا مەسىلەن تەۋراتتىكى «يارىتىلىش» قىسمى (11-بابىدا)، «بابىل» (ياكى «بابىلون») مۇنارىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە شۇ قۇرۇلۇش سەۋەبىدىن ئىنسانلارنىڭ ئەسلىدە ئالاقىلىشىۋاتقان بىرلا تىلى نۇرغۇن تىللارغا ئايرىۋېتىلىنگەنگە ئوخشاش ئىشلار خاتىرىلەنگەن. كونا ئاسۇرىيەنىڭ خارابىلىرىدىن تېپىلغان يەنە بىر تاختىدا، مۇقەددەس كىتابتا يېزىلغىنىدەك («يارىتىلىش» 24:19) سودوم ۋە گوموررا دېگەن شەھەرلەرنىڭ ئوت ۋە گۈنگۈرت بىلەن ھالاك قىلىنغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

يەنە بىر قېزىۋېلىنغان تاختىدا «يارىتىلىش»نىڭ 14-بابىدا توختالغان «ئېلام پادىشاھى خېدورلائومېر»

ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ پەلەستىنگە ھۇجۇم قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

ئۆتكەن دەۋرلەردىكى گرېك تارىخشۇناسلىرىدىن «پلۇتارخ» ۋە «خىرودىت» مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تەۋراتتىكى خاتىرىلەشلىرىنى مازاق قىلىپ: «مۇسانىڭ دېگىنىدەك، مىسىردا ئۆز ۋاقتىدا شاراب دېگەن نەرسە بولغان ئەمەس - بۇ چوقۇم يالغانچىلىق» دېيىشكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ خاتا، مۇسانىڭ توغرا ئىكەنلىكى ھازىر ھەممە ئادەمگە ئايان. قەدىمكى مىسىرنىڭ بىرنەچچە قەبرىلىرىدىن شاراب ئىشلەپ چىقىرىلىش، يەنى ئۈزۈم تالىلىرىنى پەرۋىش قىلىشتىن ئۈزۈم شىرنىسىنى ئىدىشقا قۇيۇپ ساقلاشقىچە بولغان پۈتۈن جەريانىنى سۈرەتلىگەن تام رەسىملىرى بايقالغان. يەنە بىرنەچچە «ئەرب» (شاراب) دېگەن خەت يېزىلغان بوتۇلكىلار تېپىلغان. شۇ خارابىلاردىن يەنە، ھەزرىتى يۈسۈپ ۋاقتىدىكى ئاچارچىلىق توغرۇلۇق ئىسپاتلارمۇ ھەم تېپىلغان.

مىسىردىكى ئابىدە تاشلار شۇ زاماندىكى مىسىر ئىمپېراتورى «ئۇلۇغ رامسېس» فىرەۋن، فىتوم ۋە رامسېس دېگەن ئىككى شەھەرنى قۇرۇشتا مۇساپىر قۇللارنى ئىشلەتكەنلىكىنى بايان قىلغان. بۇلار تەۋراتنىكى «مىسىردىن چىقىش» قىسمىنىڭ 11- بابىدا دېيىلگەنلىرىگە ئىسپات بولالايدۇ. ئارخېئولوگلار يەنە كونا شەھەر تېپىستىكى بىر قەبرىستاندىن

ئىسرائىل خەلقلىرىنىڭ قۇل قىلىنىشى ۋە دۆلەتلىك قۇرۇلۇشلاردا ھاشارغا تۇتۇلغانلىقى بايان قىلىنغان پۈتۈكلەرنىمۇ قېزىپ تاپقان.

مۇشۇ مىسساللارغا ئوخشاش، تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىللاردا تەسۋىرلەنگەن ئىش-ۋەقەلەر ۋە مىڭلىغان كىچىك تەپسىلاتلارنى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇنلىغان قازما ئاسارىئەتىقىلەر، پۈتۈكلەر، تام رەسىملەر ۋە خاتىرە تاشلار بار.

بۇلاردىن باشقا يەنە مۇقەددەس كىتابلارنىڭ نۇرغۇن قەدىمكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىلىرىمۇ بۇ كىتابلارنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ۋە ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىگە ئىسپات بېرىدۇ. بۇ ماتېرىياللارنى ياۋروپادىكى ئەڭ ئالىي كۇتۇپخانىلار ۋە مۇزېيلاردا كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار كونا يۇنان (گرېك) تىلى ۋە باشقا تىللاردىكى يېزىقتا، تېرە ۋە قەغەزلەرگە يېزىلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پۈتۈن تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنى، بەزىلىرى بولسا پەقەت مۇقەددەس كىتابنىڭ مەلۇم قىسمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تۆۋەندە ئۇلاردىن بەزىلىرى كۆرسىتىلىدۇ: -

1. سىز رىمدىكى ۋاتىكان ئوردىسىدىن «كودېكس ۋاتىكانۇس» (ۋاتىكان نۇسخا) دېگەن كۆچۈرۈلمىنى كۆرەلەيسىز. بۇ بولسا ھىجرادىن تەخمىنەن 250 يىل ئىلگىرى كۆچۈرۈلگەن.

2. «كودېكس سىنىئاتىكۇس» (سىنىئاي نۇسخا). بۇ مىسىردىكى سىنىئاي تېغىدىن تېپىلغان. ھازىر لوندوندىكى «ئەنگلىيە چوڭ مۇزېيى»دا، ئىنجىل، زەبۇر ۋە تەۋراتتىن تەركىب تاپقان. بۇ، ھىجرادىن تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى كۆچۈرۈلگەن.

3. «كودېكس ئالېكساندرىنۇس» (مىسىردىكى كونا شەھەر ئالېكساندرىيەدە تېپىلغان). بۇ نۇسخا لوندوندىكى «ئەنگلىيە چوڭ مۇزېيى»نىڭ «خەزىنە ئۆيى»دە كۆرگەزمىگە قويۇلغان. ئۇمۇ ھىجرادىن تەخمىنەن 200 يىل ئىلگىرى يېزىلغان، تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. «كودېكس ئەفرائىمۇس» (ئەفرائىم نۇسخا) بۇ ھازىر پارىژدا، ھىجرادىن تەخمىنەن 150 يىل ئىلگىرى يېزىلغان. ئۇ ئىنجىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

5. يېقىندا پەلەستىندە «ئىنجىل» «لۇقا»دىن بىر قىسمى تېپىلدى. بۇ ئاز دېگەندە ھىجرادىن 590 يىل ئىلگىرى يېزىلغانىدى.

6. بىزنىڭ تۇرپانىمىزدىكى ئاستانىغا يېقىن بىر جايدىن كونا ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىلەر تېپىلغان. ئۇلار بەلكىم ھىجرادىن 70-100 يىل ئىلگىرى

تەرجىمە قىلىنغان. شۇ چاغدا ئۇيغۇرلاردا خېلى نۇرغۇن خرىستىئان مۇخلىسلىرى بار ئىدى.

1948-يىلى بىر ئەھمىيەتلىك تارىخىي ۋەقە يۈز بەرگەن. تائامىراھ قەبىلىسىدىن بولغان مۇھەممەد ئال-دىب باداۋى «ئۆلۈك دېڭىز» بويىدا قوي بېقىۋاتقانىكەن. بىردىنلا ئۇنىڭ بىر قويى تاغ باغرىغا قاراپ يامىششقا باشلاپتۇ. ئۇ قويىنى ياندۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن بىر تال تاشنى قوي تەرەپكە قارىتىپ ئېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ساپال نەرسىنىڭ چېقىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ يەنە بىر تال تاشنى ئاتقانىكەن، ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىپتۇ، ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، ئۇ شۇ يەردە بىر ئۆڭكۈرنىڭ بارلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇ «چوقۇم بىر گۆھەرنى تاپتىم!» دەپ ئويلاپ ئۆڭكۈرگە كىرىدىغان بەك تار بىر تۆشۈكتىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن كىرىپتۇ. ئۆڭكۈر ئىچىدىكىسى دەرۋەقە گۆھەر ئىكەن - لېكىن بۇ گۆھەر ئۇنىڭ ئۆزى ۋە قەبىلىسى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن تېپىلغان گۆھەر ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ بايقىغان نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە بىر يۈرۈش تەۋرات-زەبۇرنىڭ يۆگىمە كىتابلىرى بولۇپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەشايا پەيغەمبەرنىڭ بىر پۈتۈن كىتابى بار ئىدى؛ بۇ كىتاب ئەسلىدە ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلۇشىدىن (مىلادىيەدىن) 700 يىل ئىلگىرى يېزىلغان. بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس

كىتابنىڭ توغرا كۆچۈرۈلگەنلىكى، ھېچ ئۆزگەرمىگەنلىكىگە ناھايىتى ئېنىق گۇۋاھچى بولغان. چۈنكى ئۇنىڭ مەزمۇنى ھازىرقى ئىشلىتىلىۋاتقان كۆچۈرۈلمە نۇسخىلارغا ئوخشاش. شۇنىڭ بىلەن «كىتاب ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دېگەن شىكايەتكە پۈتۈنلەي رەددىيە بېرىلگەن، بۇ ساختا شىكايەتلەرنىمۇ پاش قىلغان. بۇ يۆگىمە كىتابلار ھازىر «كۇمران» ياكى «ئۆلۈك دېڭىز يۆگىمە كىتابلىرى» دەپ ئاتالماقتا.

شۈبھىسىزكى، خۇدا مۇقەددەس كىتابنىڭ كۆچۈرۈلۈشى ۋە دەۋردىن-دەۋرگە قالدۇرۇش جەريانلىرىدا مەسىھ مۇخلىسلىرى جامائەتلىرىگە ئىزچىل ھالدا يېتەكلىكچىلىك قىلىپ كەلگەن. جامائەتنىڭ ئۆزى قىممەتلىك «كىتاب ئامبىرى» بولۇپ كەلگەن، بۇ پاكىتتا ئەمەلىي ۋە كۈچلۈك ئىسپات باردۇر. شۇڭا، ئەيسا مەسىھ مۇخلىسلىرى جامائىتىنى، خۇدانىڭ سىرلىرىنى ساقلاشتىكى خەزىنە دېگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى نۇسخىلاردىن سىرت، مۇخلىسلارنىڭ قولىدا يەنە نۇرغۇنلىغان باشقا نۇسخىلارمۇ بار، بەزىلىرى ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى يېزىلغان، بەزىلىرى ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش بولغان. بۇ بابنى قىسقىراق يېزىش ئۈچۈن بۇ يەردە بىرمۇبىر يېزىپ ئولتۇرمىدۇق. خىرىستىئان ۋە يەھۇدىيلار ئىشلىتىۋاتقان، 2000دىن ئارتۇق تىلغا تەرجىمە قىلىنغان ھازىرقى نۇسخىلارنى بۇ قەدىمكى نۇسخىلار بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇلاردىكى ئوخشاشلىق كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلار

ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى ئۈچۈن ھازىر تۇرماقتا!

## 2-مۇزاكىرە

### تەۋرات ۋە ئىنجىلنى قۇرئان ئىناۋەتسىز قىلىۋەتكەنمۇ؟

«تەۋرات ۋە ئىنجىل ئۆزگەرتىلمىگەن ۋە ياكى بۇرمىلانمىغان» دېگەن ئىسپات ئالدىدا، ھەممىگە دانا بىر خۇدا تەرىپىدىن بىزگە يېتەكچى ۋە يورۇقلۇق بولسۇن دەپ چۈشۈرۈلگەن بۇ كىتابلارنى ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلماي قالمايدۇ. ئەمما بەزى ئادەملەر ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىنمۇ مۇزاكىرىدىكى يۆنۈلۈشلىرىنى دەرھال ئۆزگەرتىپ: ـ «ئىنجىل ۋە تەۋراتنىڭ ئورنىنى قۇرئان ئىگىلەپ، ئۇلارنى ئىناۋەتسىز قىلغان» دېيىشىۋالىدۇ. ئەمما بۇ ھېچقانداق ئاساسى يوق بىر تۆھمەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى قۇرئاندا بۇنداق دېيىلمىگەن. ئەكسىچە قۇرئاننىڭ ئۆزى «ئىنجىل ۋە تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى ھەم قوغدىغۇچى بولسۇن دەپ چۈشۈرۈلگەن»لىكى ھەممە ئادەمگە بەش

قولدەك ئايان بولغان ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلغان. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەتلەردىن كۆرۈۋالالايسىز: ـ

«مەن نازىل قىلغان تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار» (سۈرە «بەقەرە»، 41-ئايەت)

«...ئۇلارغا (يەھۇدىيلارغا) ئاللا تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتاب (تەۋرات)نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) نازىل بولغان... » (سۈرە «بەقەرە»، 89-ئايەت)

«قۇرئان... ئۇلارنىڭ قولىدىكى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تەستىق قىلغۇچىدۇر» (سۈرە «بەقەرە»، 91-ئايەت)

«...سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب ۋە ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا ...ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك...» (سۈرە «ئال-ئىمران»، 81-ئايەت)

«(ئى مۇھاممەد!) ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) (ئاللا) ساڭا نازىل قىلدى. ئىلگىرى، كىشىلەرگە يول

كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغانىدى» (سۈرە «ئال-ئىمران»، 3-ئايەت)

«ئى كىتاب بېرىلگەنلەر! (يەنى يەھۇدىيلار) .....ئۆزۈڭلاردىكى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) تەستىق قىلىدىغان، بىز نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار» (سۈرە «نىسا»، 47-ئايەت)

«بۇ قۇرئاننى بىراۋنىڭ ئاللاغا ئىپتىرا قىلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ... لېكىن قۇرئان ئىلگىرى كەلگەن (تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق ساماۋىي) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر...» (سۈرە «يۇنۇس»، 38-ئايەت)

«ئۇلارنىڭ «يەنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ» ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى «يەنى ئۇنىڭ ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى» ئېتىراپ قىلغۇچى ئەيسا ئىبن-مەريەمنى ئەۋەتتۇق، ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، «ئىنجىل» ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر «يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر»، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند-نەسىھەتتۇر. ئەھلى

ئىنجىللار (يەنى ناسارالار) ئاللا ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، ئاللا نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر» (سۈرە «مائىدە» 47-46-ئايەت)

(«ناسارالار» مۇشۇ يەردە دېيىلگەن «خرىستىئانلار، مەسىھىيلەرنى كۆرسىتىدۇ)

«(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (سامىۋىي) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى (ياكى، قوغدىغۇچى) ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق» (سۈرە «مائىدە» 48-ئايەت)

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئەھلى-كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەر ئېتىبارغا ئالغۇدەك دىندا بولغان بولمايسىلەر» (سۈرە «مائىدە»، 68-ئايەت)

ئەقلى بار ئادەم، ئاساسى يوق گەپنى قىلمايدۇ. بىراق بەزى قېرىنداشلىرىمىز بۇ ئىشتا ئويلىماي گەپ قىلىپ سالىدۇ. بىرسى ئۇلاردىن «سىزدە ھەقىقەت بولسا، ئىسپات كەلتۈرۈڭ» دەپ تەلەپ قىلسا، ئۇلار پەقەت «كېيىنكىسى بالدۇرقىسىنىڭ ئورنىنى

باسىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا: «قۇرئان تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن كېيىنرەك كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۇلارنى ئىناۋەتسىز قىلغان». يەنە بەزىلەر: ـ «قۇرئان بولسا تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇڭا بىزگە تەۋرات بىلەن ئىنجىلنىڭ كېرىكى يوق» دەپ قارايدۇ. ئەمما قۇرئاننىڭ ئۆزى يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلغانىكەن، ئۇنداقتا مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەقلىگە بولغان ھۆرمىتىم يۈزىسىدىن، ئاشۇنداق تايىنى يوق «ئىسپاتلار»غا رەددىيە بېرىش بىلەن نۇرغۇن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى ئالدىنقى ئون ئايەت ۋە شۇ ئايەتلەرگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئايەتلەردە، قۇرئاننىڭ تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغۇچى، ئۇلارنى قوغدىغۇچى ۋە تەكىتلىگۈچى سۈپىتىدە چۈشۈرۈلگەنلىكى ئوچۇق ئېيتىلغان. قۇرئاندا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىنجىل ۋە تەۋراتنىڭ ئەمر-پرىنسىپلىرىنى ئىناۋەتسىز قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەنلىكى ھېچقاچان ئېيتىلمىغان. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان. چۈنكى قۇرئان «ئىنجىل بىلەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى» بولغانىكەن، ئۇ يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلارغا: «ئى ئەھلى-كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سىلەر تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) تولۇق ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەر ئېتىبارغا

ئالغۇدەك دىندا بولغان بولمايسىلەر» ۋە «ئەھلى ئىنجىللار (يەنى ناسارالار) ئاللا ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، ئاللا نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر» - دېگەننى ئوچۇق دەۋەت قىلغان.

«ئىناۋەتسىز قىلىش» («ناسىق قىلىش») دېگەن ئۇقۇم توغرا بولغان بولسا، مۇھەممەدنىڭ يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلارغا تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئەمەل قىلىشقا نەسىھەت قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن بولاتتۇق. يەنە كېلىپ، مۇسۇلمانلاردىن ئىنجىل بىلەن تەۋراتقا ئىمان كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغانلىقىنىمۇ كۆرمىگەن بولاتتۇق. قۇرئان «تەۋرات ۋە ئىنجىل»نى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ھېچقاچان بايان قىلمىغان - ئەگەر ئالغان بولسا، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى كېرىكى يوق دېسە بولاتتى. ئەمەلىيەتتە سۈرە «شۇئەرا»، 192-196-ئايەتتە، قۇرئان بۇنىڭ ئەكسىنى بايان قىلغان: «ھەقىقەتەن قۇرئان ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرنىڭ) كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنغان». ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە «تىلغا ئېلىنغان» دېگەن سۆزنى سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلساق، «ئىچىدە بار»، قۇرئان بويىچە ئېيتقاندا، «ئىنجىل ۋە تەۋرات قۇرئاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن مەنە چىقىدۇ.

قۇرئان، تەۋرات ۋە ئىنجىلنى تەستىقلىمىغانمۇ دەيلۇق (گەرچە بۇ گەپ مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان بولسىمۇ)، بۇنداق بىر بايانىدىن، قۇرئان ئىنجىل ۋە تەۋراتنى ئىناۋەتسىز قىلىۋەتكەن ھەم ئۇلارنى بىر ئۈچۈن ھاجەتسىز قىلىۋەتكەن دېگەن خۇلاسىنى چىقارغىلى يەنىلا بولمايدۇ. چۈنكى قۇرئان ئۇنداق قىلمىغان، ئەكسىچە ئۇ تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسى قىلىشقا ئىنتىلگەن ۋە ئۆزىنى تەۋرات ۋە ئىنجىل بىلەن تەڭ بىر ئورۇنغا قويغانىدى. قۇرئان ئېيتىتىكى: ««ئەگەر (ئۇ ئىككى كىتاب سېھىردۇر دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولىدىغان بولساڭلار، ئۇ ئىككى كىتابقا قارىغاندا، ئاللا تەرىپىدىن نازىل بولغان تېخىمۇ توغرا بىر كىتاب كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشەي»» (سۈرە «قەسەس»، 49-ئايەت)

دەرۋەقە، مۇھەممەد مۇشۇ يەردە تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ھەم قۇرئان بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

قۇرئان ئەرەبلەرنى مۇقەددەس كىتابنىڭ خەۋىرىنىڭ راستلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ بۇ كىتابقا موھتاج ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشكە كۆپ قېتىم ئىنتىلگەن. مۇشۇ يول بىلەن ئۇ تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ يات بىر قوۋمغا، يات بىر تىلدا چۈشۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا

تـوختـىلـىپ، مۇنـداق دېگەنـىدى: ـ «ئـىلـگىرى، كـىشـىلەرگە (ئـىنسانلارغا) يـول كۆرسەتكۈچى قـىلـىپ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى نازىل قىلغانىدى. ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى كىتابنى (يەنى بارلىق ساماۋى كىتابلارنى) نازىل قىلدى...»
(«ئال-ئىمران»، 3-ئايەت).

ئەرەبلەر بۇ تىللارنى چۈشەنمىگەندىن كېيىن، ئۇلار خۇدا بىزگە ئۆز ئەرەب تىلىمىزدا يەنى «ئىنجىل ئەرەبچىدە» (تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش تەرىقىدە) قۇرئاننى چۈشۈرگەن دەيدۇ: «قۇرئاندىن ئىلگىرى مۇسانىڭ كىتابى (يەنى تەۋرات) ئەھلى جاھانغا پېشۋا ۋە رەھمەت ئىدى. بۇ ئەرەب تىلىدىكى كىتابتۇر، (ئىلگىرىكى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچىدۇر...» (سۈرە «ئەھقاف»، 12-ئايەت)

## 3-مۇزاكىرە

## ئىنسان بالىسى گۇناھكاردۇر، ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ!

خۇدا ئەسلىدە ئادەمنى ساپ، پاك ياراتقان، خۇدا ئېرەن باغچىسىدا ئادەم ئۈچۈن بىر بەختلىك ماكان تەييارلىغان. بۇ ماكاندىكى ھېچقانداق بىر نەرسە ئىنساننىڭ خۇداغا ئىبادەت قىلىشىنى ئۆزگە مەھلىيا قىلالمايتتى. ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يېيىش مەنئى قىلىنغان مېۋىنى يەپ رەببىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەتسىزلىك قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قىلىنغان. شۇ ئىشتا ئادەمئاتا ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىغا ۋەكىللىك قىلاتتى؛ ئۇ خۇداغا ئاسىيلىق قىلىپ خۇدا بىلەن تۈزگەن ئەھدىنى بۇزۇپ تاشلىغاچقا، شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ ۋەكىل بولغىنىغا بەك پۇشايمان قىلىپ كەلمەكتە. ئادەمئاتىمىز ئازدۇرۇشقا ئۇچراپ گۇناھقا تېيىلىپ يىقىلغان. بىز ئادەمئاتىمىزنىڭ بالىلىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاجىزلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ قالدۇق؛ ئىرسىيەت قانۇنىيەتلىرى بويىچە، بىز ئۇنىڭ گۇناھغا بولغان مايىللىقى بىلەن تۇغۇلدۇق. ئەمما لېكىن ئادەمئاتىمىزنىڭ گۇناھى ئۈچۈن جازاغا تارتىلمايمىز؛ خۇدانىڭ ئادەمئاتىمىزنىڭ قىلغان شۇ گۇناھىدىن نا-رازى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بىزمۇ ئو-خشاشلا ئىتائەتسىزلىك قىلغانلىقىمىزدىن ئۆزىمىزنىڭ گۇناھىمىز ئۈچۈن جازالىنىمىز. ئۆلىما تارماتىھى ۋە باشقىلار مۇنداق دېگەن: ـ «ئادەمئاتا تېيىلىپ يىقىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ

تېيىلىپ يىقىلدى؛ ئادەمئاتا خۇدانىڭ سۆزىنى ئۇنتۇپ شۇ دەرەختىن مېۋە يېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ خۇدانىڭ سۆزىنى ئۇنتۇغان؛ ئادەمئاتا تېيىلىپ گۇناھ قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ گۇناھ قىلغان».

بۇ ھۆكۈم ئادىل ۋە توغرىدۇر. قىسقىسى، مۇسۇلمان ئۆلىمالار ئارىسىدا: «ئادەمئاتىنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغا بولغان ۋەكىللىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ» دەيدىغانلار ئاز ئەمەس. شەيخ مۇھئىيى ئەد-دىن ئىبن ئەل-ئەرەبى بۇ تېما توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ كىتابى، 305-بابتا پۈتۈلگەن.

خۇدا ئۆزى ئادەمئاتىمىزنى پاك ھالەتتە ياراتقانىكەن، ئۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان يەردە، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ـ ئىنسان بالىسى بولغان بىزلەرگە يەنە نېمە دېگۈلۈك؟ ئىنسان بالىسى گۇناھ سادىر قىلىپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپىگە يېتەلمەي، شان-شەرىپىدىن ۋە رەھىمىدىن مەھرۇم بولغانلىقى ھەممىگە ئېنىق.

ھەم تارىخ ھەم كەچۈرمىشلىرىمىز بىزگە شۇنى ئۆگىتىدۇكى، ئادەمنىڭ قەلبى رەزىل كېلىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ قەلبىمىز بىزگە مۇنداق دەيدۇ: «نەپس دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ» (سۈرە «يۇسۇف»، 53-ئايەت). ياراتقۇچى خۇدانىڭ ھاي بېرىشى تەسىر قىلمىسا، ئادەم ئۆز

نەپسىنى قانائەتلەندۈرىدىغان يول تاپسىلا، شۇ يولدا ماڭىدۇ. گۇناھ ۋە رەزىللىك مەنئى قىلىنغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ۋىجدانىمىزغا خىلاپلىق قىلىپ، بۇزۇق تەبىئىتىمىزگە بويسۇنۇپ، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىۋېرىمىز. ھاراقكەش ئۆز خۇمارىنىڭ سالامەتلىكىگە، تېرىكچىلىكىگە، ئائىلىدىكىلىرىگە ۋە ئېتىقادىغا قانداق زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، يەنىلا ھاراق ئىچىۋېرىدىغانلىقىنى بايقىغانسىز؟ ئۇنىڭ ئىچىدىكى كونترول قىلغىلى بولمايدىغان كۈچلەر، ئۇنى رەزىللىككە ئىتتەرمەكتە؛ پاھىشىۋاز، ئوغرى، قىمارۋاز، تۆھمەتخور، ھەسەتخور، ئالدامچى ۋە تېرىكەك كىشىلەرمۇ ئەنە شۇ ھاراقكەشكە ئوخشاشدۇر.

شەخسىي كەچۈرمىشلىرىمىز بىزگىمۇ ئىچىمىزدە غەيرىي يامان ھىسسىيات ۋە مايىللىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆگىتىپ كەلمەكتە. بۇلار ئىنسان تەبىئىتىنىڭ چىرىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇلار ۋىجدانلىرىمىز بىلەن كۈرەش قىلىدۇ، ياخشى نىيىتىمىزگىمۇ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. بىز مۇشۇنىڭدىن ئۆزىمىزنىڭ ياراتقۇچىمىز خۇدانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىمىزنى، يامان، رەزىل ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە ئەسىر بولۇپ قالغانلىقىمىزنى تونۇۋالايمىز.

بىز ھېچقانداق قۇسۇرى، ئەيىبى يوق ئادەمنى ئۇچرىتىپ باقمىغان. مەسىھ ئەيسادىن باشقا، ھېچقانداق بىر ئىنسان ئۆزىنى مۇتلەق پاك، گۇناھسىز دەپ ئېيتمىغان ۋە ئېيتالمايدۇ. ئاخىردا بىز مۇشۇ توغرىسىدا يەنە توختىلىمىز.

مۇنۇ ئايەت ھەربىر ئادەمنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ: - «نەپس دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ» - دەيدۇ (سۈرە «يۇسۇف»، 53-ئايەت). ئال-رازى ئۆلىما بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق سۆز قىلغان: «ئادەمنىڭ جېنى ئۆزىنى يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ ياكى كۇشكۇرتىدۇ؛ باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ جېنى ئۆزىنى يامانلىققا مايىل قىلىدۇ، ئاسىيلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ ۋە كەيپ-ساپاغا تەشنا بولىدۇ. ھازىرقى ماددىي دۇنيانىڭ تارتىش كۈچى ئۈستۈن بولغاچقا، يۇقىرى دۇنياغا كۆتۈرۈلۈش تەشنالىقى كەمچىل بولىدۇ، شۇ ئايەتتە بىزنى «يامان ئىشلارغا بۇيرۇغان» دەپ ھۆكۈم قىلىنغان».

بۇ ئايەتنىڭ ئەرەبچە مەنىسى ئەسلى: (ئال-رازىنىڭ يۇقىرىقى دېگىنى بويىچە) «ئادەمنىڭ جېنى ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا قۇترىتىدۇ» - بۇ ئايەت ھەربىر ئىنساننىڭ جېنىغا مۇستەسناسىز قارىتىلىدۇ. شۇڭا دېگىلى بولىدۇكى، ھەربىر جان ئىگىسى يامانلىققا مايىل. ئەرەبچە شۇ ئايەتتىكى «لا-ئاممارا» (ئەينەن تەرجىمە قىلىنغان) «لام» دېگەن

سۆزنىڭ كۆچەيتىلگەن شەكلى بولۇپ، بۇ سۆز ئىشنىڭ جەزمەنلىكىنى، مۇتلەقلىقىنى تەكىتلەيدۇ. دېمەك، بۇ يەردە ھەربىر ئادەمنىڭ گۇناھلىق تەبىئىتى بار، دېگەن خۇلاسىگە كەلسەك بولىدۇ.
ھەربىر ئادەمنىڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقىغا تۆۋەندىكى ئايەتمۇ ئىسپات بولىدۇ: ـ

«ئاندىن بىز دوزاخ ئازابىغا ئەڭ لايىق بولغانلارنى ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىمىز. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكۈمىدۇر. ئاندىن تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز» (سۈرە «مەريەم»، 72-70 ئايەت)
ئال-رازى ئۆلىما بۇ ئايەت توغرىسىدا: «ھەر ئادەمنىڭ ئوتقا چۈشىدىغانلىقى بېكىتىلمىگەن بولسا، «ئاندىن تەقۋادارلارنى (جەھەننەمدىن) قۇتقۇزىمىز» دېگىلى بولمايتتى» دېگەن. باشقا ھەدىسلەردىمۇ ئوخشاش دېيىلگەنلەر بار. ئۆلىما جابەردىن شۇ ئايەت توغرۇلۇق سورىغاندا، ئۇ: «پەيغەمبىرىمىز (مۇھەممەد): ««ئال-ۋورۇئود» (چۈشۈش) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، دوزاخقا كىرىشنى كۆرسىتىدۇ، ھەربىر ئادەم مۆستەسناسىز دوزاخقا كىرىپ كۆيدۈرۈلىدۇ» دېگىنىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانىدىم» ـ دېدى.

ئۆلىما جالال-ئاد-دىن: - «ۋاردۇھا» دېگەن سۆز («ئۇنىڭغا چۈشۈدىغان») «دوزاخقا كىرىدىغان ۋە ئۇنىڭدا كۆيدۈرۈلىدىغان» دېگەن مەنىسى بىلەن شەرھلەيدۇ. ئال-رازى يەنە شۇ تەبىرنى تەستىقلاپ: -

- «تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنە ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك... ئۇ جەننەتتە بولىدۇ» (سۈرە «قارىئە»، 5-ئايەت)نى چۈشەندۈرگىنىدە: «گەرچە شۇنداق بولغان بولسىمۇ، ئېتىقاد قىلغۇچىنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ»

- دېدى.

بۇ ئايەتلەر ۋە تەبىرلەر ھەربىر ئادەمنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ۋە بەزى ئادەملەرنىڭ ۋاقىتلىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى، يەنە بەزىلەرنىڭ ئوتتا مەڭگۈ كۆيدۈرۈلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى ئەمەسمۇ؟ ھەر بىر ئادەمنىڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقىغا يەنە مۇنداق بىر ئايەت ئىسپاتتۇر: -

«كىمكى مېھرىبان ئاللانى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللات قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ» (سۈرە «زۇخرۇف»، 35-ئايەت).

ئەمەلىيەتتە ئىنسان بالىسى ھەرۋاقىت ھەردائىم «ئاللانى ياد ئېتىپ تۇرۇش» دەرىجىسىگە

كۆتۈرۈلمىگەچكە، شەيتاننىڭ ھەمىشە ۋەسۋەسە قىلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. بىرسى مۇھەممەدتىن: «قايسى غازات (مۇقەددەس ئۇرۇش) ئەڭ ئەلا» دەپ سورىغاندا، ئۇ جاۋابەن: «ئارزۇ-ھەۋەسلىرىڭىز بىلەن قىلىغان غازات» دەپتۇ. بۇ ئۇرۇش يەنە «ئەڭ دەھشەتلىك كۈرەش» دەپمۇ ئاتالغان. يەنە مۇنداق دېگەن گەپمۇ بار: «ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭ ئۆزۈڭ بولىسەن، ئۇ ئىچىڭدىدۇر». بۇنىڭدىن تەبىئىيتىمىزنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكىنى، قەلبىمىزدە رەزىللىكنىڭ پىستىرمىسى بارلىقىنى ۋە چوڭ-كىچىك ئىشلاردا بىزنىڭ نېمىگە مايىل بولغانلىقىمىزنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

گەپنىڭ مېغىزىغا كەلسەك، ئىنسان بالىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئېغىر گۇناھكار، خۇدانىڭ شاپائىتى ھەم رەھىم-شەپقىتى بولمىغان بولسا، بىرمۇ ئادەم گۇناھتىن قۇتقۇزۇلمايتتى، ھەققانىي بولالمايتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىز ئىنكار قىلغۇسىز ئىسپاتلار ئارقىلىق، ھەربىر ئادەمنى گۇناھ سادىر قىلغان، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. شۇڭا ھەربىر ئادەم، ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلغان، گۇناھلارنى يۇيۇدىغان بىردىنبىر قۇربانلىقىغا موھتاج بولماقتا. بىر كىشى خۇدانىڭ بۇ ئەڭ چوڭ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، خۇدانىڭ ئادالەتلىكىگە قانائەت تېپىشى ئۈچۈن دوزاختا ئەۋەتىلىشى كېرەك. بىز 4-مۇزاكىرىدە «گۇناھدىن كەچۈرۈم قىلىنىش»

توغرىسىدىكى ئىشلارنى تەپسىلىي سۆزلەيمىز. ئۆز تەبىئىتىمىزگە كەلسەك، بىزدە ئادەمئاتىدىن مىراس قالغان ئاجىزلىق ۋە گۇناھقا بولغان مايىللىق بولغاچقا، قەلبىمىز پاكلىنىش ئۈچۈن مۇقەددەس روھقا، يەنى خۇدانىڭ روھىغىمۇ موھتاجدۇر. پەقەت مۇقەددەس روھلا گۇناھقا بولغان مايىللىقنى قەدەممۇقەدەم يوقىتالايدۇ ۋە ئېزىتقۇ ئويلارنى، يامان غەرەزلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى قىلالايدۇ. مۇقەددەس كىتاب بۇنى «يېڭى تۇغۇلۇش»، ياكى «ئىككىنچى قېتىم تۇغۇلۇش» دەپ ئاتايدۇ. بۇ توغرۇلۇقمۇ بىز كېيىن يەنە تەپسىلىي ھالدا سۆزلەيمىز.

مەسىھىي مۇخلىسلار مۇقەددەس كىتابتا دېيىلگىنىدەك ھەربىر ئىنساننىڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىگە، چىرىكلىكنىڭ بارلىق ئىنساننى بۇلغىۋەتكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. پەيغەمبەرلەرمۇ ئىنسان بالىسى بولغاچقا گۇناھكاردۇر. شۇنداقتىمۇ، خىرىستىئانلار خۇدانىڭ ئىنساننى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ۋە بېشارەتلىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى تاللىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ روسۇللۇق (ئەلچىلىك) ۋەزىپىسىنى ئۆتىگىنىدە يەتكۈزگەن گەپلىرىنىڭ (مەيلى ئېغىزچە ياكى يازمىچە بولسۇن) خاتالىقتىن ساقلانغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا خۇدا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىنتىلىشلىرىگە

يېتەكچىلىك قىلغان، ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشىغا ئىلھاملاندۇرۇپ ۋەھيي بېرىپ، ئۇلارنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ دېمەكچى بولغان گەپ-سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىش ھەم ئېزىپ قېلىشتىن ساقلىغان. ئەمما ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ۋە روسۇللار) ئۆز ھەرىكەتلىرىدە ۋە ئاددىي تۇرمۇشلىرىدا گۇناھتىن ساقلانغان ئەمەس. بۇ ئىش ئۇلاردىمۇ بارلىق ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتىنىڭ تۇپ ئىرسىي ئاجىزلىقى، گۇناھقا مايىللىق بولغانلىقىغا ئىسپاتنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدىن گۇناھسىزلىق ۋە مۇكەممەللىك پەقەتلا ھەممىدىن قادىر ئۇلۇغ خۇداغا مەنسۇپ، دېگەن پاكىت ئېنىقلاشتۇرۇلىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، گۇناھ قانچىلىك «چوڭ» ياكى «كىچىك» بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ خۇدانىڭ جازالىشىغا، دوزاخ ئوتىدا كۆيۈشكە تېگىشلىك. شۇڭا، گەرچە قاتىللىق ئوغرىلىقتىن ياكى قارغاشتىن پەرقلىق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ جازالىشىغا ئوخشاشلا مۇۋاپىق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاسىيلىق ھەم ئىتائەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققان. بۇ پاكىت تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە جاكارلانغان، مەسىلەن: ـ

«ھەممە ئادەم يولدىن چەتنىدى،
ئۇلارنىڭ بارلىقى ئەرزىمەس بولۇپ چىقتى.

مېھرىبانلىق قىلغۇچى يوق، ھەتتا بىرىمۇ يوقتۇر».
(ئىنجىل، «رىملىقلارغا»، 3-باب، 12-ئايەت)

«بارلىق ئىنسانلار گۇناھ سادىر قىلىپ، خۇدانىڭ شان-شەرىپىگە يېتەلمەي، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولدى»
(ئىنجىل، «رىملىقلارغا»، 3-باب، 23-ئايەت)

ھەدىسلەرمۇ بۇنى تەستىقلاپ، مۇنداق دېگەن: ـ

««بىر ئادەم باشقا بىرىنىڭ ھەققىنى ئوڭ قولى بىلەن تارتىۋالسا، خۇدا ئۇنى جەننەتتىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرۈشى كېرەك» (مۇھەممەد دېگەن سۆزلەر)... بىرسى ئۇنىڭدىن: «ئى ئاللانىڭ پەيغەمبىرى، ھەتتا كىچىككىنە ئىش بولسىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟» ـ دەپ سورىدى. ئۇ جاۋابەن: «ھەتتا بىرەر تال «ئاراك» (شاخچە) سەۋەبىدىن بولغان بولسىمۇ» ـ دېدى».

بىز ئەمدى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا كېلەيلى. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھەرخىل پىكىرلەردە بولغان. بەزىلەر ئۇلارنى مۇتلەق گۇناھسىز، بەزىلەر ئۇلارنى بالىلىقىدا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، چوڭ بولغاندا گۇناھسىز بولغان، دېگەن. يەنە بەزىلىرى ئۇلارنى

كىشىلەرگە نەسىھەت قىلغىنىدىلا گۇناھسىز بولغان، ئۇلاردا باشقا ۋاقىتلاردا ۋە باشقا جەھەتلەردە گۇناھ ئۆتكۈزۈش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. ئاخىرىدىكى بۇ كۆزقاراش رەھمەتلىك شەيخ مۇھەممەد ئادونىڭ ئىدى. ھالبۇكى، قۇرئاندا بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئۇششاق-چۈششەك سەۋەنلىكلەرنى ئەمەس، بەلكى ئېغىر ئىتائەتسىزلىكلەرنى قىلغانلىقى ئېنىق دېيىلگەن. بۇنى سىز تۆۋەندىكى ئابزاسلاردىن كۆرەلەيسىز.

مۇسۇلمان ئۆلىمالار گۇناھلارنى «ئۇششاق-چۈششەك» ۋە «ئېغىر» دەپ ئىككى خىلغا بۆلگەن: «خۇدا ئۇششاق-چۈششەك گۇناھلارنى كەچۈرىدۇ، لېكىن ئېغىر گۇناھلارنى كەچۈرمەيدۇ» دېگەندەك. ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە ئېغىر گۇناھلار مۇنۇلار: -

(1) ۋاپاسىزلىق

(2) ئۇششاق-چۈششەك گۇناھلارنى قايتا-قايتا سادىر قىلىپ تۇرۇش

(3) خۇدانىڭ رەھىمىگە ئۈمىدسىز قاراش

(4) «خۇدايىم مېنى كەچۈردى، خۇدانىڭ غەزىپىدىن ساقلاندىم» دېيىش

(5) يالغان گۇۋاھلىق بېرىش

(6) يەنە بىر مۇسۇلمانغا تۆھمەت قىلىش

(7) يالغان قەسەم ئىچىش
(8) سېھرىگەرلىك، جادۇگەرلىك
(9) هاراق ئىچىش
(10) يېتىم-يېسىرلارنىڭ پۇلى ياكى ھەقىقىنى ئالداپ ئېلىش ياكى تارتىۋېلىش
(11) قەرزگە ئۆسۈم ئېلىش
(12) زىنا ياكى پاھىشىۋازلىق
(13) بەچچىۋازلىق
(14) ئوغرىلىق
(15) قاتىللىق
(16) ئۇرۇشتا كاپىرلاردىن چېكىنىش
(17) ئاتا-ئانىغا ئىتائەتسىزلىك قىلىش

شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىچە، بۇ سەۋەنلىكلەرنىڭ ھەرقايسىسىنى سادىر قىلغان، توۋا قىلمىغان ھەربىر مۆمىن دوزاخنىڭ ئوتلىرىدا جازالىنىدۇ. باشقا گۇناھلار بولسا ئۇششاق-چۈششەك دەپ ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھلىرى توغرۇلۇق بايانلار: -

ئادەمئاتا گۇناھ ئۆتكۈزگەن. بۇ سۈرە «تاھا»، 121-ئايەتتە:
«ئادەم(ئاتا) پەرۋەردىگارىغا (ئۇنىڭ ئەمرىگە) خىلاپلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازدى».

شەرھچىلەر بۇ ئايەتتىن ئۇنىڭ چەكلەنگەن دەرەخ مېۋىسىنى يېيىش بىلەن ئىگىسىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

««(ئى ئادەم!) ... بۇ دەرەخقە يېقىنلاشماڭلار (يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلەر)، بولمىسا (ئۆزۈڭلارغا) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» - دېدۇق» (سۈرە «بەقەرە» 35-ئايەت).

ئۆلىما بايدھاۋى مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئىگىسىنىڭ تەلىپىدىن ئېزىپ، خاتالىشىپ ئۆلۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، شۇ دەرەختىن مېۋە يېگەن؛ ۋە ياكى ئۇ ئۆزىگە بۇيرۇلغان توغرا يولدىن ئازدۇرۇلغان، ياكى دۈشمەن تەرىپىدىن ئالدىنىپ ئازدۇرۇلغان».

ئۆلىما ئال-رازى: - ئادەمئاتا گۇناھ قىلغانلىقىغا ئىقرار قىلغان، لېكىن بۇ ئىش ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇشىدىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن، دەيدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق: «ئادەمئاتىنىڭ ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، ئېزىپ كەتكەنلىكى راست، لېكىن پەقەتلا دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەنلىكىدىن گۇناھكار بولغان. ئۇ بۇ گۇناھىغا تۇۋا قىلغانلىقىدىن، بۇ ئىتائەتسىزلىكنىڭ ھېسابى ئۇنىڭغا يېزىلمايدۇ» دېگەن. بىز ئۇنىڭ ئاخىرقى جۇملىسىگە قوشۇلغىنىمىز، بىزنىڭ ئادەمئاتىنىڭ ئىتائەتسىزلىك قىلىپ يولدىن ئازغانلىقىنى ئىنكار قىلغىنىمىز ئەمەس.

ئــتــائەتســزلــكــنــڭمۇ ئېغىر گۇنــاھلارغــا كــرىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەتتىن كۆرۈۋالالايمىز:

-

«كىمكى ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى ئاللانى ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئاللاغا مۇلاقات بولۇشقا ئىشەنمەيدىكەن، ئاللانىڭ ئايەتلىرىگە قۇلاق سېلىشتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن)، ئۇ دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ» (سۈرە «جىن»، 23 ئايەت).

يەنە، سۈرە «تاھا»، 120-ئايەتتە: «ئاندىن پەرۋەردىگارى ئۇنى تاللىدى، ئۇنىڭ تەۋبىسىنى (تۇۋىسىنى) قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنى ھىدايەت قىلدى» دېيىلگىنى ئادەمئاتىنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى، ئاندىن تــوۋا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «تــوۋا قىلىش» بىرىنچىدىن ئۆز گۇناھىغا ئۆكۈنۈش، ئىككىنچىدىن خۇداغا ئىقرار قىلىش، ئۈچىنچىدىن ئاشۇ گۇناھنى ئەمدى ئىككىنچى قىلماسلىققا بەل باغلاشتىن ئىبارەت. «تــوۋا قىلىش» تىلغا ئېلىنسا، بۇ ئىبارە گۇناھ قىلغانلىقنى ئىسپاتلايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئادەمئاتا ئۆزىنىڭ گۇناھىغا توۋا قىلغان، چۈنكى:

«ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزنى مەغپىرەت قىلمىساڭ،

بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» - دېدى» (سۈرە «ئەئراف» 23-ئايەت).

بۇ يەردە ئادەمئاتا، يەنى ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەردىن بىرى ھېسابلانغان مۇشۇ ئادەمئاتىمىز، شەيتاننىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ، ئۆزىنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىگىسىدىن گۇمانلانغانلىقى ۋە خاتا يول بىلەن مەڭگۈ ئۆلمەسلىككە ئېرىشمەكچى بولغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئۇ گۇناھ قىلغان، بۇ گۇناھ «ئېغىر گۇناھ»لار ئىچىگە كىرىدۇ.

نۇھ پەيغەمبەرمۇ گۇناھ قىلغان، بۇنى سۈرە «نۇھ»، 24-28-ئايەتتىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ: -

«نۇھ ئاللاغا ئېيتتى: ... ئۇلار ھەقىقەتەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، زالىملارنى تېخىمۇ گۇمراھ قىلغىن... پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە كاپىرلارنىڭ بىرنىمۇ قويمىغىن. ئۇ ئۆزى گۇناھ قىلغانلىقى ئۆزىگە ئېنىق بولغاندىن كېيىن شۇنداق دۇئا قىلغان: «ماڭا، ئاتا-ئانامغا، مېنىڭ ئۆيۈمگە مۆمىن بولۇپ كىرگەن كىشىگە ۋە مۆمىن ئەرلەرگە، مۆمىن ئاياللارنى مەغپىرەت قىلغىن...». ئۇ ئېغىر بىر گۇناھ قىلمىغان بولسا خۇدادىن مەغپىرەت تىلەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بەزى شەرھچىلەر بۇ ئايەتتىكى نۇھ پەيغەمبەرنىڭ گۇناھ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى

مەزمۇننى سۇسلاشتۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىز يەنىلا شۇنداق ئېيتىمىزكى، ئۇ گۇناھ قىلغان.

ھەزرىتى ئىبراھىممۇ گۇناھ قىلغان، بۇ سۈرە «ئەنئام»، 77-78-ئايەتتە يېزىلغان: -

«ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (قەۋمىنىڭ سۆزىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى (يەنى يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى) ياقتۇرمايمەن» دېدى. ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە) «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» – دېدى. ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، «ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇچى قەۋمنىڭ قاتارىدا بولىدىكەنمەن» – دېدى».

يۇقىرىدا بىز مۇھەممەد سالىھنىڭ تەرجىمىسىنى سۆزمۇسۆز ئەينەن ئالدۇق. ئۇ مۇشۇ يەردە ئىبراھىمنىڭ يۇلتۇز، ئاي ۋە قۇياشقا ئىبادەت قىلغىنىنى ئالدامچىلىق دەپ چۈشەندۈرىدۇ (تىرناق ئىچىدىكى سۆزلەر ئەسلىي تېكىستتە يوق). قانداقلا بولمىسۇن، ئىبراھىم پەيغەمبەر يا قۇياشقا ئىبادەت قىلغان يا

يالغانچىلىق قىلغان. ئۇ نېمە ئىش قىلغان بولمىسۇن، ھەربىر ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

يەنە سۈرە «ئىبراھىم»، 41-ئايەتتە: ـ

«پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ماڭا، ئاتا-ئانامنى ۋە مۆمىنلەرنى مەغپىرەت قىلغىن».

مەغپىرەت تىلەش پەقەت گۇناھ قىلغاندىن كېيىن بولىدىغان ئىش، ئەلۋەتتە.

يەنە سۈرە «بەقەرە»، 260-ئايەتتە: ـ

«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم، ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» - دېدى. ئاللا: «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» - دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى تىلەيمەن)» - دېدى». بۇنىڭدىن بىز ئىبراھىمنىڭ خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز، بۇمۇ ئېغىر گۇناھدۇر. ھەدىسلەردىن: «بىز شەك كەلتۈرۈشكە ئىبراھىمدىنمۇ مايىلمىز» ـ دېگەننى ئوقۇيمىز.

يەنە سۈرە «ئەنبىيا»، 64-ئايەتتە: -

«ئىبراھىم «(ياق!) بەلكى ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى (چوڭ بۇت، دېمەك) شۇنداق قىلدى. ئۇلار سۆزلىيەلىسە (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار».

بۇ يەردە ئىبراھىم بۇتلارنى بۇزۇپ تاشلىغۇەتكەن، دېيىلىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭدىن سورىسا، ئۇ يالغان ئېيتىپ، چوڭ بۇت كىچىكلىرىنى چۇل-چۇل قىلىۋەتكەن دېگەن، دېيىلگەندى.

ئابى-خۇرايرانىڭ دېيىشىچە، مۇھەممەد: «ئىبراھىم پەقەتلا ئۈچ قېتىم يالغان گەپ قىلغان» دەپ بايان قىلغان. بىرىنچى قېتىم، «مەندە كېسەل بار»، دېگەن. ئىككىنچى قېتىم، «ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى (چوڭ بۇتى) شۇنداق قىلدى»، دېگەن. ئۈچىنچى قېتىم «ساراھ مېنىڭ سىڭلىم» دېگەن (بۇ سۆزلەرنى ئۆلىمالاردىن بۇخاري ۋە مۇسلىم نەقىل كەلتۈرگەن).

مۇسا پەيغەمبەر گۇناھ قىلغان. بۇنى سۈرە «قەسەس»، 15-16-ئايەتتە كۆرىمىز: -

«... مۇسا ئۇنى مۇشت بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. مۇسا ئېيتتى: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئازدۇرغۇچى ئاشكارا دۈشمەندۇر!». مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مەن

ھەقـقەتەن ئۆزۈمـگە زۇلـۇم قـىلـدىم. مېنى مەغـپىرەت قـىلغىن».
ئاللا ئۇنى مەغپىرەت قىلدى».

بۇ ئىش توغرىلىق يەنە سۈرە «شۇئەرا»، 19-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ـ

«مۇسا ئېيتتى: مەن شۇ ئىشنى قىلغان چېغىمدا نادانلاردىن (ئازدۇرۇلغانلاردىن) ئىدىم».

سۈرە «ئەئراف»، 150-151-ئايەت: ـ

«مۇسا غەزەپلەنگەن، غەمكىن ھالدا قايتىپ كېلىپ، قوۋمىگە: «مەن يوق چاغدا (مۇزايىغا چوقۇنۇپ) نەقەدەر يامان ئىش قىلدىڭلار-ھە! (كۈتۈپ تۇرماي) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ ئەمرىگە ئالدىراپ كەتتىڭلارمۇ؟» - دېدى ۋە (غەزەپلەنگەنلىكتىن) تەۋرات تاختىلىرىنى (يەرگە) تاشلىدى، قېرىندىشىنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ ئۆز تەرىپىگە تارتتى. (ھارۇن) ئېيتتى: «(ئى قېرىندىشىم! (بۇ) قوۋم مېنى بوزەك تاپتى، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى...». مۇسا ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە مېنىڭ قېرىندىشىمنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى

رەھمىتىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزگىن، سەن ئەڭ رەھىم قىلغۇچى زاتتۇرسەن»».
مۇشۇ ئايەتلەردىن بىلىمىزكى، مۇسا قاتىللىق قىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئېغىر بىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭغا ئىقرار قىلىپ مەغپىرەت تىلىگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇنىڭ غەزەپلىنىپ تاش تاختىلارنى تاشلىۋېتىپ، ئاكىسىغا بىھۆرمەتلىك قىلغىنى گۇناھ قىلغانلىق. شۇ گۇناھىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، ئۆزى ۋە ئاكىسى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغان. ھارۇننىڭ گۇناھى بولسا ئىسرائىللارنىڭ چوقۇنۇشى ئۈچۈن ئالتۇندىن بىر موزاي ياساپ بەرگەنلىكى.

قۇرئاندا دېيىشچە ئەقەللىيسى ھەزرىتى يۈسۈپمۇ گۇناھقا مايىل بولغان. بۇنى سۈرە «يۈسۈپ»، 24-ئايەتتىن ئوقۇيالايمىز: -

«ئۇ (يەنە زۇلەيخا) يۈسۈپكە (يېقىنچىلىق قىلىشقا) بەل باغلىدى، پەرۋەردىگارىنىڭ روشەن دەلىلىنى كۆرمىگەن بولسا، يۈسۈپمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولغان بولاتتى. بىز يۈسۈپتىن گۇناھتىن ۋە سەت ئىشتىن يەنە شۇنداق ساقلىدۇق، شۈبھىسىزكى، يۈسۈپ بىزنىڭ سادىق بەندىلىرىمىزدىن ئىدى»».

تەۋرات، «يارىتىلىش» قىسمى 47-بابىتا، يۈسۈپنىڭ ئۆز ئاتىسى ھەزرىتى ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ (يۈسۈپنىڭ ئىككى ئوغلى توغرۇلۇق) بەرگەن بېشارىتىگە دەسلەپتە ئىشەنمىگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

داۋۇت پەيغەمبەر گۇناھ قىلغان، بۇنى سۈرە «ساد» 24-25-ئايەتتىن كۆرۈۋالالايمىز: -

«داۋۇت بىزنىڭ ئۇنى سىنىغانلىقىمىزنى بىلدى. پەرۋەردىگارىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلدى، سەجدىگە باردى. بىز ئۇنى ئەپۇ قىلدۇق، ئۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا ئەلۋەتتە يېقىنلىقىقا ۋە ياخشى ئاقىۋەتكە ئىگە بولدى».

ئەمەلىيەتتە، تەۋراتتىكى «سامۇئىل (1)» 11-12-بابتىكى تەپسىلىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ گۇناھى قاتىللىق ۋە زىنا بولغاندى. ئەمما شۇ جىنايەتلەرنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇ خۇدادىن مەغپىرەت سوراپ ئەپۇ قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەۋراتتا ئېنىق بايان قىلىنغان. شەرھچىلەرنىڭ كىتابلىرىدا شۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن ئۇزۇن ۋە ئۆزئارا زىت بولغان چۈشەندۈرۈشلەرنى ئوقۇپ چىققاندىن كۆرە، تەۋراتتىن بىۋاسىتە پايدىلانسىڭىز، نۇرغۇن ۋاقتىڭىزنى تېجەپ قالىسىز. ھالبۇكى، ئانىس-ئىبنى-مالىك، ئىبنى ئاباس، ۋاھب-ئىبنى-مۇنابىبەھ ۋە باشقا ئۆلىمالار تىلغا ئالغاندەك، ھەدىسلەردە داۋۇتنىڭ ئازدۇرۇلغانلىقى، قاتتىق ئۆكۈنگەنلىكى، ھەسرەت-

قايغۇلىرى ۋە كەچۈرۈمگە ئېرىشكەنلىكلىرى بايان قىلىنغان نۇرغۇن يەرلىرى بار.

سۇلايمان گۇناھ قىلغان. سۈرە «ساد»، 31-35-ئايەتتىن كۆرەلەيمىزكى: -

«ئۆز ۋاقتىدا كەچقۇرۇنلۇقى ئۇنىڭغا ياخشى يۈگۈرۈك ئاتلار تۇغرىلاندى. سۇلايمان ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاتلارنى پەرۋەردىگارىمنى ئەسلەش ئۈچۈن ياخشى كۆردۈم، ئۇلار (كۆزۈمدىن) غايىب بولغۇچە (ئۇلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش بىلەن بولدۇم)» سۇلايمان ئېيتتى: «ئاتلارنى مىنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار»، (ئاتلار ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن) سۇلايمان ئۇلارنىڭ پاچاقلىرىنى، بويۇنلىرىنى سىلاشقا باشلىدى. بىز ھەقىقەتەن سۇلايماننى سىنىدۇق، ئۇنىڭ تەختى ئۈستىگە بىر جەسەتنى تاشلىدۇق، ئاندىن ئۇ (بۇنىڭ سىناق ئىكەنلىكىنى بىلىپ) تەۋبە (تۇۋا) قىلدى. سۇلايمان ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! مېنى مەغپىرەت قىلغىن...»

(بۇ ئايەتنىڭ تەرجىمىسى «پەرۋەردىگارنى ئەسلەش ئۈچۈن ياخشى كۆردۈم» ئەمەس، بەلكى «پەرۋەردىگارنى سېغىنىشتىن ئارتۇق ياخشى كۆردۈم» بولۇشى كېرەك).

ئال-كاشاف، ئال-رازى ۋە باشقا شەرھچىلەر نۇرغۇن خاتىرىلەرنى كۆرسىتىپ بۇ ئايەتلەرگە ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن تەبىر بەرگەن، لېكىن يىغىشتۇرۇپ ئېيتقاندا بۇ ئاتالار سۇلايمانىنى خۇدانى سېغىنىش ۋە دۇئا قىلىشتىن ئېزىقتۇرغان. ئېيتىلىشىچە ئۇ ئاخىردا بۇ ئاتالارنى سويغۇزۇۋەتكەن. 34، 35-ئايەتلەردە ئۇنىڭ گۇناھ قىلغانلىقى ئېنىق يېزىلغان. ئۇنداق بولمىسا، ئۇ قانداقمۇ «مېنى مەغپىرەت قىلغىن...» دېگەن سۆزنى قىلسۇن؟

يۇنۇس پەيغەمبەرمۇ گۇناھ قىلغان. بۇنى سۈرە «ساففات»، 140-144-ئايەتلەردىن كۆرۈۋالىمىز: -

«يۇنۇس ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىندۇر. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قوۋمىدىن) قېچىپ (كىشىلەر بىلەن) توشقان بىر كېمىگە چىقىۋالدى. (كېمىدىكىلەر چەك چىققان ئادەمنى دېڭىزغا تاشلاپ كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن) چەك تاشلاشتى، يۇنۇس (چەكتە مەغلۇپ بولغانلاردىن بولۇپ (دېڭىزغا تاشلاندى)، ئۇنى چوڭ بىر بېلىق يۇتۇۋەتتى. ئۇ (قوۋمىنى تاشلاپ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنىسىز چىققانلىقى ئۈچۈن) ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئىدى. ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى، بېلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى».

«ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئىدى» دېگەن جۈملىدىن بىز ئۇنىڭ گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇ «ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەردىن» («تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن») بولۇپ تۇرۇپ يەنە ئىتائەتسىزلىك قىلغان ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى تەۋراتتىكى «يۇنۇس» قىسمىدىن تەپسىلىي ھالدا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىماي، خۇدانىڭ نىنەۋە شەھىرىدىكىلەرنى تووۋا قىلىشقا چاقىرغانلىقىنى ئۇلارغا يەتكۈزمەي قېچىپ كېتىپ، ئاخىرى ئاشۇ بېلىق تەرىپىدىن يۇتۇۋېتىلگەنىدى.

مۇھەممەدمۇ گۇناھ قىلغان. بۇنى سۈرە «فەتىھ»، 2-ئايەتتىن كۆرۈۋالىمىز: -

«ئاللانىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ساڭا بەرگەن نېمەتنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن، سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن، ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، ساڭا ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق».

يەنە سۈرە «مۇھەممەد»، 19-ئايەتتە: -

«بىلگىنكى، ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر-ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن...».

سۈرە «غافىر»، 55 ئايەتتە: ـ

«(ئى مۇھەممەد!) مۇشرىكلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغىن، ئاللانىڭ (ساڭا ۋە سېنىڭ تەۋەلىرىڭگە ياردەم بېرىش) ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، گۇناھىڭغا ئىستىغپار ئېيتقىن».

سۈرە «نىسا»، 105-106 ئايەت: ـ

«(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللانىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. ئاللادىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللا ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر».

بىرىنچى ئايەت مۇھەممەدنىڭ بۇ گەپتىن ئىلگىرىمۇ گۇناھ قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ گۇناھ قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىرسى (ئال-رازى، ئال-كاشاف ۋە باشقا ئۆلىمالاردەك) بۇ سۆز مۇھەممەدنىڭ ئۇممەتلىرى ئۈچۈنلا مەغپىرەت سورىغان دېگەن مەنىسى بار دېسە، يۇقىرىقى ئىككىنچى ئايەت بۇنىڭغا رەددىيە بەرگەن بولىدۇ؛ ئۇ مۇھەممەدنى ئۆزى ھەم ئەر-ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈنمۇ مەغپىرەت تىلەشكە ئۈندەيدۇ.

بەزى مۇسۇلمان ئۆلىمالار: «تەقۋادارلارنىڭ پەزىلەتلىرى خۇدانىڭ «يېقىن تۇرغۇچىلىرى» («مۇقەررىبۇنلار»)نىڭ سەۋەنلىكلىرىگە باراۋەردۇر» دەپ شەرھلىگەن. تەقۋادار، ئىخلاسمەن ئادەم ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردا خۇداغا ئىتائەتسىزلىك قىلسا، خۇدا ئۇلارنى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن دەپ ھېسابلىمايدۇ. ئۇلارنىڭ گۇناھ ئەمەس دەپ قارىغان ئىشلىرىغا كەچۈرۈم سورىمىغۇچە، خۇدا ئۇلارنى گۇناھكار دەپ قارايدۇ. بۇ ئۆلىمالار: - «مۇھەممەدنىڭ

ئەھۋالى بولسا مانا شۇنداقتۇر» دەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇنتۇپ قالغىنى شۇكى، بۇ ئايەتلەردە گەپ قىلغۇچى (ئۇلارنىڭ ئىشىنىشىچە) ئادەم ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىدۇر؛ ئۇ: «گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر-ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن،...» دەيدۇ. خۇدا قانداقمۇ گۇناھ ئەمەس ئىشنى گۇناھ دېسۇن ۋە بۇنداق ئىشقا كەچۈرۈم تىلەشنى تەلەپ قىلسۇن؟ بۇ بولمىغۇر گەپ ئەمەسمۇ؟

سۈرە «ئەھزاب»، 37-ئايەتتە، مۇنداق دېيىلگەن: -

«ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللا نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە (زەيدكە): «خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، ئاللادىن قورققىن!» دېدىڭ، ئاللا ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ.

ئاللادىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق، ئاللانىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ».

بۇ ئىشتا، مۇھەممەد ئەسلى ئۆزىنىڭ قۇلى زەيدنى ھۆر قىلىپ، زەيد ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇنى بالا قىلىۋالغان ۋە زەينەب ئىسىملىك ئالىيجاناپ بىر ئايالنى ئۇنىڭ ئەمرىگە ئېلىپ بەرگەن. بىراق بىر مەزگىلدىن كېيىن مۇھەممەدنىڭ زەينەبكە كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا نىيىتىنى بىلدۈرۈپ: «كۆڭۈللەرنى ئۆزگەرتكۈچى مەدھىيىلەنسۇن!» دېگەن. زەينەب بۇ سۆزنى ئېرى زەيدكە ئېيتىپ بەرگەن. مۇھەممەدنىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەن زەيد، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، خۇددى ئۆزلۈكىدىن ئايالىدىن ئايرىلغۇسى باردەك: «ئايال ھەمراھىمدىن ئايرىلغۇم بار» ـ دېگەن. مۇھەممەد زەيدنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەن بولىۋېلىپ ئۇنىڭدىن: «نېمە بولدۇڭ؟ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالدىڭمۇ؟» ـ دەپ سورىغان. ئۇ جاۋابەن: «ياق، ئۇ ئاقسۆڭەك بولغانلىقى ئۈچۈن مەندىن ئۈستۈن تۇرۇپ ماڭا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىدىنلا» دېدى. مۇھەممەد ئۇنىڭغا: «ئايالىڭنى ئۆز يېنىڭدا قالدۇرىۋەرگىن» ـ دېدى

(تەپسىلاتلىرىنى ئۆلىما ئال-كاشافىنىڭ بۇ توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ كىتابىدىكى (2-توم، 213-بەت) بۇ ئايەتلەر توغرىسىدىكى تەبىرىدىن ۋە ئۆلىما بايدھاۋىنىڭ دېگەنلىرىدىن كۆرۈۋېلىڭ).

ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە «كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن» قورقۇپ، «ئاللا ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى» كۆڭلىگە يوشۇرۇۋالغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ زەيدنىڭ ئايالىنى پەقەتلا خۇدانىڭ ئەمرى بويىچە ئالغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى. بىز بۇ تېكىستلەردىن، مۇھەممەدنىڭ زەينەبكە كۆڭلى چۈشكەنلىكىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى، يەنى كۆڭلىدە ھېچقاچان بۇنداق ئىش سادىر بولۇپ باقمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «ئاللا ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ» ـ دەپ ئەيىبلەنگەن.

بۇ ئايەتكە تەبىر بەرگىنىدە، ئۆلىما ئال-رازى ئاۋۋال: «ئۇ زەينەبكە تەگمەكچى بولغانلىقىدىن... ئەيىبلەنگەن» دېدى. لېكىن كېيىن «ئۇ خۇدادىن قورققان لېكىن يەنە ئادەملەردىنمۇ قورققان، شۇڭا خۇدا ئۇنى ئەيىبلىدى» ـ دېگەن، چۈنكى «ئاللادىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى». شۇڭا بۇ ئىشتىمۇ مۇھەممەد توغرا قىلمىغان، چۈنكى ئۇ قورقماسلىقتا تېگىشلىك بولغانلاردىن قورققان.

يەنە سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (ئىسرا) 76-ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: -

«سېنى بىز (ھەقتە تۇرۇشتا) مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، ئۇلارغا مايىل بولۇپ كەتكىلى ھەقىقەتەن تاس قالغانىدىڭ».

ئۆلىما ئال-زاجاجنىڭ پىكرىگە ئاساسلىنىپ، ئۆلىما ئال-رازىمۇ شۇ توغرۇلۇق مۇنداق يازغان: -

««سېنى بىز (ھەقتە تۇرۇشتا) مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق» ۋە «ئۇلارغا مايىل بولۇپ كەتكىلى ھەقىقەتەن تاس قالغانىدىڭ» دېگىنى، گۇناھقا ئازراقىنە مايىللىقىنى كۆرسىتىدۇ». ئۆلىما كاتئادانىڭ دېگىنى بويىچە، مۇھەممەد يۇقىرىقى ئايەتنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئى پەرۋەردىگار، مەندىن كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ۋاقىتمۇ ئايرىلما». بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئەقىللىيسى مۇھەممەدنىڭ شۇنداق گۇناھقا مايىل بولغانلىقىنى كۆرسەتمەمدۇ؟

ئۆلىما مۇسلىم ۋە بۇخارىيلارنىڭ خاتىرلىرىدە، ئۇلار مۇھەممەدنىڭ مۇنداق بىر باياني بار، دېگەن: «ھېچقايسىڭلار خۇدانىڭ رەھمىتىسىز جەننەتكە كىرمەيسىلەر». بىرسى: «ئى پەيغەمبەر، ھەتتا سىزمۇ مۇستەسنا ئەمەسمۇ؟» - دەپ سورىۋىدى، ئۇ جاۋابەن:

«خۇدا شاپائىتىنى ئۆپچۆرەمدە قويمىسا، ھەتتا مەنمۇ شۇنداق» - دېدى. ئابۇ ھۇرايرا شۇنداق دېدىكى، ئۆزى مۇھەممەدنىڭ: «شۈبھىسىزكى، مەن خۇدانىڭ بىر

كۈندە يەتمىش دۆرەم مەغپىرەتىنى تىلەپ تۇۋا قىلىمەن» دېگىنىنى ئاڭلىدى. بەزى گەپلەر بويىچە ئۇ «يەتمىشتىن كۆپ» دېگەنىدى. ئۆلىما ئىبنات-خالىد ۋە ئابۇ خۇرايرالار: «ئاللانىڭ پەيغەمبىرى مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللا، گۆرنىڭ ئازابىدىن، ئوتنىڭ ئازابىدىن سەندىن پاناھ ئىزدەيمەن» (بۇخارىي، 1-قىسمىدىن).

بۇ باپتىكى گەپ-سۆزلەردىن ھەرقانداق بىر سەمىمىي بولغان كىشى شۇنداق مۇتلەق بىر پاكىتنى ئېنىق كۆرەلەيدۇكى، بىزنىڭ ئاتىمىز بولغان ئادەمئاتا ئىنتائەتسىزلىككە يىقىلىپ چۈشۈپ، ئوي-پىكىرلىرى رەزىللىشىپ، يامانلىققا مايىل بولۇشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بىزلەر تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ شۇ گۇناھقا ۋە ئاسىيلىققا مايىللىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلدۇق. ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرىمىزمۇ بۇنى بىزگە ئىسپاتلاپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەر، ھەتتا ئىسلامىيەتنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدنىڭمۇ ئېغىر گۇناھلارنى سادىر قىلغانلىقىنى بىلىپ ئۆتتۇق. شۇڭا ھەرقانداق بىر يەردىكى ھەرقانداق بىر ئادەم، خۇدانىڭ ئەمر-قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلارنى ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان بىر قۇتقۇزغۇچىغا مۇھتاجتۇر. ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ روھىنى گۇناھتىن ھۆر قىلىدىغان، خۇدانىڭ ئادالەتلىكىنى ۋە رەھىم-شەپقىتىنى نامايان قىلىدىغان قۇسۇرسىز بىر

قۇربانلىققا موھتاجمىز. بۇ ئىش پەقەتلا ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستكە مىخلىنىشى، يەنى ئىنسان ئۈچۈن ئادا قىلىنغان ئۆلۈمى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. كىمدىكىم ئۇنىڭغا ئېتىقاد باغلىسا، شۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرى خۇدانىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا ۋە مۇقەددەس روھنىڭ ۋاستىسى بىلەن پاكلىنىشقا ئېرىشەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەڭگۈلۈك ھاياتقا، مەڭگۈلۈك خۇرسەنلىككە ئېرىشكەن بولىدۇ.

بەزى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ، نىمىشقا ئۆزلىرى «مۇنزال» (ۋەھيي قىلىنغان) دەپ قارايدىغان كىتابلارنىڭ بايانلىرىغا قارشى تۇرۇپ، پەيغەمبەرلەردىكى گۇناھلارنىڭ ئىزلىرىنى يوشۇرۇشقا ئىنتىلىدىغانلىقلىرىنى چۈشەنمەيمەن. بولۇپمۇ پەيغەمبەرلەردىن ھېچقايسىسى ئۆزلىرىنى گۇناھسىز دەۋالغان ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى ۋە گۇناھكار ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان شارائىت ئاستىدا ئاشۇنداق كۆزقاراشلارنىڭ بولۇشى تېخىمۇ ئورۇنسىزدۇر. بەرھەق، خۇدا ھەممىدىن ئۈستۈن دانالىقى بىلەن كىتابلىرىنى چۈشۈرگەن، ئېتىقادنى بېكىتكەن. ئۇ بارلىق ئىشلىرىدا پۈتۈنلەي دانالىق كۆرسەتكەن، ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق موھتاجلىرىنى پۈتۈنلەي بىلىدىغاندۇر.

# 4-مۇزاكىرە

## مەسىھ ئەيسانىڭ كىرىستكە مىخلىنىشى

### كىرىش سۆز

مەيلى شەرىئەت قانۇنلىرىدا ياكى دۆلەتنىڭ قانۇنلىرىدا بولسۇن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ياكى جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسىگە جازا بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ قانۇنلارغا ئاساسەن، جىنايەتچىگە بېرىلىدىغان جازانىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى، زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغۇچىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. مەسىلەن: مەكتەپتىكى بىر ئوقۇغۇچى ئۆز ساۋاقدىشىنى ھاقارەتلىسە، بېرىلىدىغان جازا يېنىكرەك بولىدۇ. ئەمما ئوقۇتقۇچىسىغا شۇنداق قىلسا، مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىلىشى مۇمكىن. قانۇن بويىچە، بىرسى ئادەتتىكى پۇقراغا تۆھمەت چاپلىسا، ئەيىبلىك ئىش قىلغان بولىدۇ؛ بىر سوتچىغا شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭغا ئېغىرراق جازا بېرىلىدۇ. ئەمما ئەگەر پادىشاھقا تۆھمەت چاپلىسا، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر جازا بېرىلىدۇ. ئۇلۇغلۇقى، ھەيۋىسى ۋە مۇقەددەسلىكى جەھەتتە

ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان خۇداغا گۇناھ قىلسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا قانچىلىك ئېغىر بولار! شۈبھىسىزكى، ئۇ كىشى ئەبەدئىل تۈگىمەيدىغان قاتتىق ئازابقا مەھكۇم قىلىنىدۇ.

خۇدا ئەڭ ئادىل؛ ئۇ زەررىچىلىك سەۋەنلىكنىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتكۈزىۋەتمەيدۇ. ئۇ تېگىشلىك جازاسىنى بەرمەي قويمايدۇ. شۇڭا ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، ھەممە ئادەم خۇداغا گۇناھ قىلغان ـ

«چۈنكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى گۇناھ سادىر قىلىپ، خۇدانىڭ ئۇلۇغلىقىغا يېتەلمەي، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولدى» («رىملىقلارغا» 3-باب، 23-ئايەت) ـ گۇناھلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن دوزاخنىڭ

ئوتىدا ئازابلىنىپ، دوزاختىن چىقالمايدىغان بولدى. ئەمما مۇشۇنداق بولغىنىدا، خۇدانىڭ رەھىمدىللىقى نەگە كەتكەن بولىدۇ؟ يەنە كېلىپ، گۇناھكارلارغا رەھىم-شەپقەت كۆرسىتىپ ئۇلارنى كەچۈرسە، ئۇنىڭ ئادىللىقى نەگە كەتكەن بولىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ ئادىللىقىنىڭ تەلىپىنى ھەم رەھىم-شەپقىتىنىڭ تەلىپىنى بىرلەكتە تەڭ قانائەتلەندۈرەلەيدىغان بىر ۋاستىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ چىققان ـ ئۇ بولسىمۇ، مەسىھنىڭ ئۆلۈمىدۇر.

## 1-قىسىم

# خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسانىڭ كرېستلىنىشىدا بولغان مەقسىتى مەسىھ ئەيسا «ئىناقلاشتۇرۇش»نى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغان؟

ئادەمئاتا خۇداغا ئاسىيلىق قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن باغچىسىدىن قوغلىۋېتىلگەن (تەۋرات، «يارىتىلىش»، 3-باب). بۇ ۋەقە سۈرە «بەقەرە»، 36-ئايەتتىمۇ بايان قىلىنغان: -

«شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى (يەنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ خاتالاشتۇردى)، تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقاردى».

شۇنىڭ بىلەن ئادەمئاتا ئەۋلادلىرى بىلەن بىللە مەڭگۈلۈك ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان. ئۇنىڭدا رەزىل ھاۋايى-ھەۋەسلەر كۆپىيىپ، يامانلىق خاھىشى كۆڭلىدە يىلتىز تارتقان. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتىسىنىڭ بۇ خاھىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئىزىنى باسقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيا رەزىللىككە تولغان. مۇشۇ رەزىللىكلەر ئۈچۈن، خۇدادا ئىنسانلارنى ھالاك قىلىشتىن سىرت، ئۆز ئادىللىقىنىڭ تەلىپىنى قانائەتلەندۈرىدىغان ھېچقانداق يول قالمىغانىدەك ئىدى. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئەسلىدىكى پاك ۋە مۇقەددەس ھالىتىگە قايتالايدىغان

يولنى تاپالمىغان. پەقەتلا ئىنساننىڭ يارىتىلغان ۋاقتىدىكى ئەينى ھالىتى جەننەتكە لايىق ئىدى - يەنى ئىنساننىڭ ساپ، پاك ۋە مۇقەددەس ھالىتى ئىدى. خۇدا يەنە ئۆزىنىڭ بېكىتكەن قانۇنلىرىدىن ئېزىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس؛ خۇدانىڭ ئادىللىقى ئۆزىنىڭ ئادىل يولدا مېڭىشىنى، ھەربىر گۇناھكارنىڭ تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىشىنى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈم بىلەن بەدەل تۆلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. «**گۇناھ سادىر قىلغۇچى جان ئىگىسى ئۆلىدۇ. ئوغۇل ئاتىسىنىڭ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى كۆتۈرمەيدۇ، ۋە ياكى ئاتا ئوغلىنىڭ قەبىھلىكىنىڭ جازاسىنى كۆتۈرمەيدۇ؛ ھەققانىي كىشىنىڭ ھەققانىيلىقى ئۆز ئۈستىدە تۇرىدۇ، رەزىل كىشىنىڭ رەزىللىكى ئۆز ئۈستىدە تۇرىدۇ**» (تەۋرات، «ئەزاكىيال» 18-باب، 20-ئايەت). قانۇن چىقارغۇچىنىڭ ئۆزى، ئۆزىنىڭ چىقارغان قانۇنلىرىنى بەجا كەلتۈرمىسە، ئۇنداقتا ئادىللىق دېگەن نەدىمۇ مەۋجۇت بولغان بولسۇن؟!!

تەبىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، «ئادىللىق» دېگەن «ئادىلسىزلىق»نىڭ ئەكسى بولۇپ، ئۇ ھەققانىيەت، توغرا، دۇرۇس، ئىللا، خالىس، تەربىيە ۋە تۈزىتىش، ۋاپاغا ۋاپا، جاپاغا جاپا قايتۇرۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. مېھرى-شەپقەت بولسا، كۆڭلى يۇمشاق، شاپائەت، خەير-ئېھسان، سېخىيلىك ۋە ئەپۇ قىلىش دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر: «رەھىمدىللىق - جازالاشقا

تېگىشلىك بولغانلارنى قويۇۋېتىشتىن ئىبارەت» - دەيدۇ. خۇدا ھەم رەھىمدىل ھەم ئادىل بولغانلىقتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئادىللىق يولى بىلەن، ئادىل ھالدا كىشىلەرگە رەھىمدىللىق قىلىشنى خالايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ «گۇناھتىن ھۆر قىلىش» ئەمىلىنى ئەزەلدىنلا قىلىپ كەلگەن. بۇ ئەمەلنى قىلىشتىكى مۇھىم بىر باسقۇچ، مۇساغا چۈشۈرۈلگەن تەۋرات قانۇنىدىن بولدى. تەۋرات ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى «مۇقەددەس قانۇن»نىڭ ئاساسى بولسا، بىگۇناھ ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ تۆكۈلگەن قېنى «گۇناھنى يېپىپ تۇرىدۇ» دېيىلگەن.

ئادەمئاتىنىڭ ئوغلى ھابىل، مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇندىن ئىلگىرىلا قۇربانلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ مۇقەددەس قانۇن چۈشۈرۈلۈپ يېزىپ چىقىلغۇچە، ئوخشاشلا شۇنداق قۇربانلىقلارنى قىلىپ كەلگەن. مۇسا خۇدانىڭ باياناتچىسى بولۇپ، بۇ قۇربانلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى مۇقەددەس قانۇندا تەپسىلىي ھالدا ئېيتىپ بېرىدۇ. مۇقەددەس قانۇندا، خۇدا بۇ قۇربانلىق قىلىشتىكى ئىشلار ئارقىلىق، گۇناھنىڭ نەقەدەر يىرگىنچلىك ھەم پاجىئەلىك ئىكەنلىكىنى ئىنسان قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بالىلارچە ئۆگىتىشكە باشلىغان. خۇدا ھايۋانلارنى «ھالال» ۋە «ھارام» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان، پەقەت «ھالال» ھايۋانلارنىلا

قۇربانلىق قىلغىلى بولاتتى. ئۇ بۇ ئىشلار بىلەن ئۇلارغا: «دەرۋەقە، تەۋرات قانۇنى بويىچە ھەممە نەرسە دېگۈدەك قان بىلەن پاكلىنىدۇ؛ قۇربانلىق قېنى تۆكۈلمىگۈچە، گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ» دەپ ئۆگەتكەن (ئىنجىل «ئىبرانىيلارغا» 9-باب، 22-ئايەت).

شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇناھكار بولغان ئادەمنى گۇناھى ئۈچۈن ھالال، ھېچقانداق قۇسۇرى يوق بىر چارپاينى قۇربانلىق سۈپىتىدە كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغان. گۇناھكار ئۆزىنىڭ ئۆلۈشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئۆزىگە ئەسكەرتىش ئۈچۈن، قۇربانلىقنى سويۇپ ئاندىن ئۇنى ئوت ئۈستىگە قويۇشى كېرەك. ھالبۇكى، گۇناھ ئورنىغا سويۇلغان بۇ قۇربانلىق ئارقىلىق، گۇناھنى (ئىشەنچىسى بولسا) خۇدا ئالدىدا «كاپارەت قىلىنغان»، يەنى «يېپىلغان» دەپ ھېسابلىغىلى بولاتتى. بۇ تۈرلۈك قۇربانلىقلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ كەلگۈسىدە ئەۋەتمەكچى بولغان مەسىھنىڭ (قۇتقۇزغۇچىسىنىڭ) ئۇلۇغ قۇربانلىقىنى ئالدىنئالا كۆرسەتكەن. چۈنكى ئاشۇ قۇربانلىق قىلىنغان بارلىق چارپايلارنىڭ قىممىتى بىرمۇ ئادەمنىڭ پۈتكۈل گۇناھى ئۈچۈن بەدەل بولالمايتتى.

مەسىھ ئەيسانىڭ خىزمەت قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە، چۆمۈلدۈرگۈچى پەيغەمبەر يەھيا ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «مانا، پۈتكۈل دۇنيانىڭ گۇناھلىرىنى ئېلىپ تاشلايدىغان خۇدانىڭ قوزىسى!» ـ دەپ جاكارلىغان (ئىنجىل، «يۇھاننا»،

1-باب). يەھيانىڭ مۇشۇ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ دۇنياغا كەلگىنى، «گۇناھنى ياپىدىغان» بىر قۇربانلىق ئەمەس، بەلكى «پۈتكۈل دۇنيانىڭ گۇناھلىرىنى ئېلىپ تاشلايدىغان» بىر قۇربانلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چوقۇم ئەڭ ئاخىرقى قۇربانلىق بولغان بولىدۇ.

تېخىمۇ تەپسىلىي قىلىپ چۈشەندۈرسەك، ۋاقتى-سائىتى توشقاندا، خۇدا ئۆز كالامى (سۆزى) مەسىھ-قۇتقۇزغۇچىنى ئەۋەتكەن. ئۇ ئىنسان سۈپىتىدە تۇغۇلۇپ، بۇ دۇنيادا بىرگە ئوخشاش ئادەم بولۇپ ياشىغان، ئەمما ئۇ بىرەر گۇناھ سادىر قىلغان ئەمەس، ھېچقانداق ئالدامچىلىق قىلىپ باققان ئەمەس (بۇ كىتابنىڭ 5-مۇزاكىرىسىدىكى مەسىھنىڭ گۇناھسىزلىقى توغرىسىدىكى سۆھبەتنى كۆرۈڭ). بۇ «كالام» ـ يەنى مەسىھ، گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ئورنىدا

ئەيىبلىنىش ئۈچۈن، ئۆزىنى كرېستكە (دارغا) مىخلىتىپ ئۆلۈشكە تۇتۇپ بەرگەن. ئۇ گۇناھسىز، مۇكەممەل ئادەم بولۇپ، چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە بۇرۇنقى ھەم كېيىنكى ھەممە ئادەملەرنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇ بىزنىڭ ئورنىمىزدا خۇدانىڭ گۇناھ ئۈستىگە تۆكمەكچى بولغان غەزەپلىك جازالىرىنى قوبۇل قىلغان. گۇناھنىڭ جازاسى ـ

خۇدادىن ئايرىلىشتۇر؛ شۇڭا كرېستكە مىخلانغان ئالتە

سائەت ئىچىدە، ئۇنىڭ روھى خۇدادىن ئايرىلغان. شۇ ئالتە سائەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا: ـ

«ئەيسا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئېلى، ئېلى، لەما ساۋاقتانى؟» يەنى «خۇدايىم، خۇدايىم، مېنى نېمىشقا تاشلىۋەتتىڭ؟» دەپ قاتتىق نىدا قىلدى» (ئىنجىل «ماتتا»، 27-باب، 46 ئايەت، «ماركۇس»، 15-باب، 24-ئايەت)

دېمەك ئۇ، دۇنيادىكى مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ مەڭگۈلۈك دوزاخ ئازابلىرىنى (دوزاخ ـ خۇدادىن ئايرىۋېتىشتىن ئىبارەت) چەكلىك ۋاقىت ئىچىدىلا بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، بارلىق بەدەلنى تۆلىۋەتكەن. خۇدا مانا مۇشۇ ۋاستىسى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ھەم ئۆزىنىڭ ئادىللىقىنى قانائەتلەندۈرگەن ھەم ھەربىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ رەھىمدىللىكىگە مەڭگۈلۈك ئېرىشەلەيدىغان قىلغان. خۇدا ئۆز كالامى بولغان مەسىھنىڭ مۇكەممەل قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلغان. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ تۆۋەندىكى گېپى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان: «ئۆزگەرمەس مۇھەببەت ۋە ھەقىقەت ئۆزئارا كۆرۈشتى؛ ھەققانىيەت ۋە ئامان-خاتىرجەملىك بىر-بىرىنى سۆيۈشتى» («زەبۇر»، 85-كۈي، 10-مىسرا).

مەسىھ ئەيسانىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمىگە ئېتىقاد باغلىغان ھەممە كىشىلەر بۇ نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. بۇ نىجاتلىق ـ گۇناھ كەچۈرۈم قىلىنىشى بىلەنلا بولۇپلا

قالماي، يېڭى بىر ھاياتقا ئېرىشىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ يېڭى ھايات خۇدانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان روھ-قەلب بىلەن ئۆتىدىغان ھاياتتۇر ـ بۇ ھايات ئادەمنىڭ كۈچىگە تايانمايدىغان، خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنىڭ كۈچىگە تايىنىدىغان ھاياتتۇر. بۇ يېڭى ھايات تۇغرىسىدا تەۋراتتىكى ئىككى پەيغەمبىمىز يەرەميا ۋە ئەزاكىياللار ئاۋۋال بېشارەت بېرىپ مۇنداق دېگەن: ـ

«مانا، شۇ كۈنلەر كېلىدۇكى، ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار، ـ مەن ئىسرائىل جەمەتى ۋە يەھۇدا جەمەتى بىلەن يېڭى ئەھدە تۈزىمەن؛ بۇ ئەھدە ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بىلەن تۈزگەن ئەھدىگە ئوخشىمايدۇ؛ شۇ ئەھدىنى مەن ئاتا-بوۋىلىرىنى قولىدىن تۇتۇپ مىسىردىن قۇتقۇزۇپ يېتەكلىگىنىمدە ئۇلار بىلەن تۈزگەنىدىم؛ گەرچە مەن ئۇلارنىڭ يولدىشى بولغان بولساممۇ، مېنىڭ ئۇلار بىلەن تۈزۈشكەن ئەھدەمنى بۇزغان، ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار. چۈنكى شۇ كۈنلەردىن كېيىن، مېنىڭ ئىسرائىل جەمەتى بىلەن تۈزىدىغان ئەھدەم مانا شۇكى:

– مەن ئۆز تەۋرات-قانۇنلىرىمنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە سالىمەن،
ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىگىمۇ يازىمەن.
مەن ئۇلارنىڭ ئىلاھى بولىمەن،

ئۇلارمۇ مېنىڭ خەلقىم بولىدۇ.
شۇندىن باشلاپ ھېچكىم ئۆز يېقىنىغا ياكى ئۆز قېرىنداشلىرىغا: ـ

«پەرۋەردىگارنى تونۇغىن» دەپ ئۆگىتىپ يۈرمەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكىدىن چوڭىغىچە ھەممىسى مېنى تونۇپ بولغان بولىدۇ؛ چۈنكى مەن ئۇلارنىڭ قەبىھلىكىنى كەچۈرىمەن ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ھەرگىز ئېسىمگە كەلتۈرمەيمەن، ـ دەيدۇ پەرۋەردىگار».

(«يەرەمىيا» 31-باب، 31-34-ئايەت)

«مەن (پەرۋەردىگار) سۈپسۈزۈك سۇنى ئۈستۈڭلارغا چاچىمەن، بۇنىڭ بىلەن سىلەر پاك بولىسىلەر. سىلەرنى ھەممە پاسكىنىلىقلىرىڭلاردىن ۋە بۇتلىرىڭلاردىن پاكلايمەن. مەن سىلەرگە يېڭى قەلب بېرىمەن، ئىچىڭلارغا يېڭى بىر روھ سالىمەن؛ تېنىڭلاردىكى تاش يۈرەكنى ئېلىپ تاشلاپ، مېھرىلىك بىر قەلبنى ئاتا قىلىمەن. مېنىڭ روھىمنى ئىچىڭلارغا كىرگۈزۈپ، سىلەرنى ئەمر-پەرمانلىرىم بويىچە ماڭغۇزىمەن، ھۆكۈملىرىمنى تۇتقۇزىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ئەمەل قىلىسىلەر».

(تەۋرات، «ئەزاكىيال» 36:25-27)

ئىنجىلدا يەنە، بۇ «يېڭى ئەھدە» توغرىسىدا روسۇل پېتروس مۇنداق دېگەن: -

«تۇۋا قىلىڭلار، ھەربىرىڭلار ئەيسا مەسىھنىڭ نامىدا گۇناھلىرىڭلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە شۇنداق قىلساڭلار خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بولغان مۇقەددەس روھ سىلەرگە ئاتا قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ۋەدە سىلەرگە ۋە سىلەرنىڭ بالىلىرىڭلارغا، يىراقتا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە، يەنى پەرۋەردىگار خۇدايىمىز ئۆزىگە چاقىرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاتا قىلىنىدۇ» (ئىنجىل، «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» 2-باب، 38-39-ئايەت).

بۇ يېڭى ئەھدىنى مەسىھ ئەيسا ئۆزىنىڭ قېنى ۋە جېنى بىلەن ئىنسان ئۈچۈن قولغا كەلتۈرگەن.

خۇدادىن گۇناھلار ئۈچۈن كەچۈرۈم ئېلىش ۋە خۇدانىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىنغان قۇربانلىقلارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى تۇتقان ئورنى مۇھىم (بۇ جەھەتتە ئىسلام دىنى باشقا دىنلارغا ئوخشاش). بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي ھالدا سۆزلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ھەربىر مۇسۇلمان قۇربان ھېيت ئۈچۈن قوي سويۇشنى، تائام ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە بەخت ئاتا قىلىشىغا ئېرىشىشنىڭ بەدىلى دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەزرىتى

ئىبراھىمنىڭ قىلغان قۇربانلىق قوچقىرى ئوغلىنىڭ ئورنىدا سويۇلغان: ـ

«بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق» (سۈرە «سافغات»، 107-ئايەت).

شۇنىڭ بىلەن ھەربىر قىلىنغان قۇربانلىق قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ ئورنىدا كەچۈرۈمگە ئېرىشىشتىكى بىرخىل ۋاستە دەپ قارىلىدۇ. تۆۋەندىكى ھەدىستىن ھەتتا مۇھەممەدنىڭ ئۆزىمۇ قۇربانلىقنىڭ قېنىنى گۇناھنى يۇيۇش ۋە كەچۈرۈم قىلىنىشقا ئېرىشىشتىكى ۋاستە دەپ قارىغانلىقىنى بىلىمىز: ـ

«ئۇ قىزى فاتىمەگە شۇنداق دېگەن: «ئى فاتىمە، قۇربانلىق قىلغاندا، ئۇنىڭ بېشىدا تۇرغىن، چۈنكى قېنىنىڭ بىرىنچى تامچىسى يەرگە چۈشۈشى بىلەنلا گۇناھلىرىڭ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ»».

مۇھەممەدنىڭ سۆزى تىلغا ئېلىنغان «پۇلسىرات» دېگەن ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئادەملەر ئىلگىرى قىلغان قۇربانلىق قويلىرىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ، پۇلسىرات سىرتىدىن كۆۋرۈكتىن جەننەتكە ئۆتكۈزۈلىدىكەن».

بۇ قۇربانلىقلار ئۇلارنى قۇربانلىق قىلغان ئادەملەرنىڭ جېنىغا باراۋەر ئەمەس؛ ئەمەلىيەتتە

قۇربانلىق قىلىنغان بارلىق ھايۋانلارنىڭ يىغىندىسى بىر ئەقىل ئىگىسىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇلار گۇناھنى يۇيۇشقا بەدەل بولالمايدۇ، ئۇلار پەقەتلا مەسىھنىڭ ئالەمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بولغان قۇربانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىكى بىر سىمۋولدۇر، خالاس. تەۋراتتا نۇرغۇن قېتىم بۇ ئۇلۇغ قۇربانلىقنىڭ كەلگۈسىدە كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت قىلىنغان ۋە ھەرخىل ئۇسۇللاردا ئالدىن ئېيتىلغان: ئىنجىلدا بولسا، بۇ بېشارەتلەرنىڭ ھەممىسى مەسىھ ئەيسانىڭ كرېستكە مىخلىنىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، دېيىلگەن. خۇدا پەقەت مۇشۇ قۇربانلىقنىلا بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ جېنىغا باراۋەر بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. «چۈنكى خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيدۈكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنى پىدا بولۇشقا بەردى. مەقسىتى، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ھەربىرىنىڭ ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر» (ئىنجىل، «يۇھاننا»، 3-باب، 16-ئايەت).

## 2-قىسىم

## پەقەت مەسىھ ئەيسالا ئاشۇ قۇربانلىق ۋەزىپىسىگە لايىقتۇر

ئاشۇ ئۇلۇغ قۇربانلىققا لايىق ھەم ئۇنى ئورۇندىيالايدىغان كىشى پەقەت مەسىھ ئەيسالا بولۇشتىكى سەۋەبلەر تۆۋەندىكىدەك (تەۋراتتىكى قۇربانلىق قىلىش توغرىسىدىكى پرىنسىپلارغا ئاساسەن): -

1. قۇربانلىق ساپ، پاك، قۇسۇرسىز بولۇشى كېرەك.

2. قۇربانلىقنىڭ قىممىتى گۇناھىدىن ھۆر قىلىنىدىغان بارلىق ئىنسان جېنىنىڭ قىممىتىگە باراۋەر بولۇشى كېرەك.

3. قۇربانلىق پەقەت ئىنسان خىلىدىن بولۇشى كېرەك.

4. قۇربانلىق خۇدا بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

بىرەرسى، مۇشۇ شەرتلەرگە يېتەلەيدىغان ئادەمنى پۈتۈن ئىنسان ئارىسىدىن ئىزدىسە مەسىھ ئەيسادىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنى تاپالمايدۇ. سەۋەبى شۇكى، ھەربىر ئادەم، ھەتتا پەيغەمبەرلەرمۇ گۇناھ قىلغان، شۇنداقلا ئۇلار ئۆزلىرىنى گۇناھتىن خالاس قىلىدىغان بىرسىگە موھتاج. خۇدانىڭ نەزىرىدە ھېچقانداق ئادەم بۇ خىلدىكى زۆرۈر قىممەتكە ئىگە ئەمەستۇر. خۇدانىڭ

كالامى بولغان مەسىھ ئەيسادىن باشقا ھېچكىم ئۆزلۈكىدىن بۇ سالاھىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ.

«ئى شەپقەتچىم،
جېنىم دەرد-ئەلەمدە، چىرىپ كېتىۋاتىدۇ،
ئۆلۈمىڭدىن شىپا تېپىپ، قولۇڭدا داۋالانسۇن،
ئى خاتىرجەملىك يەتكۈزگۈچى، پاناھ ئىزدەي كرېستىڭدىن،
مېنىڭ ئۈچۈن تىلىكىمنى سورا ئاڭلىغۇچى ئاتاڭدىن».

«چۈنكى بىرلا خۇدا باردۇر، خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدا بىر كېلىشتۈرگۈچىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزى ئىنسان بولۇپ كەلگەن مەسىھ ئەيسادۇر»
(ئىنجىل، «تىموتىيغا (1)»، 2-بابتىن).

## 3-قىسىم

## مەسىھ ئەيسا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كرېستكە مىخلانغانمۇ؟

بەزى مۇسۇلمانلار مەسىھ ئەيسانىڭ ئەمەلىيەتتە كرېستكە مىخلانغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلاردىن

سەۋەبىنى سورىساق ئۇلار جاۋابەن: «ئۇ پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىكى ئەڭ نادىرلاردىن بولغاندىن كېيىن، خۇدا قانداقمۇ ئۇنى رەزىل يەھۇدىيلارنىڭ كىرىست ئۈستىدە شۇنچە دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈشىگە يول قويۇشقا تاپشۇرسۇن؟ بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس» - دېيىشى

مۇمكىن. لېكىن ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئۇلار قۇرئاندىكى خۇدانىڭ ئاشۇنداق ئىشقا يول قويغانلىقى بايان قىلىنغان مۇنۇ ئايەتنى ئۇنتۇپ قالغان: -

«ئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى، ئاللانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈن.. (ئاللا) ...دىللىرىنى پېچەتلىۋەتتى...» (سۈرە «نىسا»، 155-ئايەتتىن).

سۈرە «بەقەرە»، 91-ئايەت: -

«ئۇلارغا (يەھۇدىيلارغا)... «سىلەر (تەۋراتقا) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟» - دېگىن».

سۈرە «بەقەرە»، 61-ئايەت: -

«بۇ ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بولدى».

ئۆلىما ئالىماغازىنىڭ تارىخى، مۇھەممەد-ئىبن-ئىسھاقنىڭ تەرجىمىھاللىرى ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسلانغاندا، مۇھەممەد سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ساتقۇن ئايالنىڭ قولىدا زەھەرلەنگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇنىڭدىن سىرت، تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنىڭ ئېنىق بايانلىرىغا ئاساسەن، مەسىھ ئەيسانىڭ كىرىستكە مىخلىنىشى، خۇدا ئەزەلدىن بۇرۇنلا بېكىتىپ قويغاندەك، مەسىھنىڭ پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولغان ئىشتۇر. مەسىھ ئەيسا ئۆزى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ ئېيتقانكى، ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشتىكى مەقسىتى - كىرىستلەنگەن قۇربانلىق سۈپىتىدە ئۆزىنى خۇداغا ئاتاپ، ئىنسانلارنى گۇناھتىن ھۆر قىلىشقا بەدەل تۆلەشتىن ئىبارەتتۇر. بىر قېتىم ئۇ شۇنداق دېگەندە، ئۇنىڭ بىر مۇخلىسى ئۇنى ئەيىبلەپ: - «**يا رەب، ساڭا رەھىم قىلىنغاي! بېشىڭغا بۇنداق ئىشلار قەتئىي چۈشمەيدۇ!**» - دېگەن. مەسىھ ئەيسا ئۇنىڭغا قاراپ ئۇنى ئەيىبلەپ: -

«**ئارقامغا ئۆت، شەيتان! سەن ماڭا پۇتلىكاشاڭسەن، سېنىڭ ئويلىغانلىرىڭ خۇدانىڭ ئىشلىرى ئەمەس، ئىنساننىڭ ئىشلىرىدۇر**» - دېدى (ئىنجىل، «ماتتا، 16-بابتىن).

كېيىن، يەھۇدىي كاتتىباشلىرى ۋە موللىلىرى ئۇنى تۇتۇشقا كەلگەندە، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ بىرى ئۇنى

ئۇلاردىن قوغدىماقچى بولغىنىدا، ئەيسا ئۇنىڭغا: «قىلىچىڭنى قىنىغا سال، قىلىچ كۆتۈرگەنلەر قىلىچ ئاستىدا ھالاك بولىدۇ. ياكى مېنى ئاتىسىغا نىدا قىلالمايدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟! شۇنداق قىلساملا ئۇ ماڭا شۇئان ئون ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق پەرىشتە ماڭدۇرمامدۇ؟ بىراق مەن ئۇنداق قىلسام، مۇقەددەس يازمىلاردىكى بۇ ئىشلار مۇقەررەر بولىدۇ دېگەن بېشارەتلەر قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلسۇن» ـ دېدى. (ئىنجىل، «ماتتا»، 26-باب، 52-55 ئايەت)

بەزى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز: «خۇدا ئەيسا مەسىھنى باشقىلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن قانداقمۇ ئۆلۈم بىلەن جازالىسۇن؟ چۈنكى قولىڭىزدىكى تەۋراتنىڭ «پادىشاھلار (2)» 14-بابىدا: «مۇساغا چۈشۈرۈلگەن قانۇن كىتابىدا پەرۋەردىگارنىڭ: «ئاتىلارنى ئوغۇللىرى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشقا بولمايدۇ يا ئوغۇللىرىنى ئاتىلىرى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشقا بولمايدۇ، بەلكى ھەربىرى ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسۇن» دەپ پۈتۈلگەن ئەمرى بويىچە، ئۇ (ئامازىيا پادىشاھ) ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلمىدى» ـ دەپ يېزىلغان ئەمەسمۇ؟» ـ دەپ سورايدۇ.

جاۋابىمىز شۇكى، ئەمەلىيەتتە خۇدا مەسىھ ئەيسانى ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغان ئەمەس، بەلكى مەسىھ ئەيسا بىزگە بولغان مۇھەببىتىدىن بىزنىڭ ئورنىمىزدا ئۆلۈش ئۈچۈن ئىختىيار قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەن. بۇنداق قىلىشى ھەقىقەتەن مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئۇلۇغلىنىشقا ئەڭ لايىق ئەمەسمۇ؟ ئىنساننىڭ قەرزىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تۆلەشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، خۇدا قانداقمۇ ئۇنى قوبۇل قىلمىسۇن؟

«ئەيسا ئۆزىنى تۇتقىلى كەلگەن باش كاھىنلار، پاسىبان بەگلىرى ۋە ئاقساقاللارغا قاراپ: ــ

«بىر قاراقچىنى تۇتىدىغاندەك قىلىچ-توقماقلارنى كۆتۈرۈپ كەپسىلەرغۇ؟ مۇقەددەس ئىبادەتخانىدا ھەر كۈنى سىلەر بىلەن بىللە ئىدىم، سىلەر قول سالمىدىڭلار... لېكىن بۇ پۈتۈن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇقەددەس يازمىلىرىدا ئالدىن ئېيتقانلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن بولدى»، ــ دېدى.

بۇ چاغدا، مۇخلىسلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشتى» (ئىنجىل، «لۇقا» 22-بابتىن، «ماتتا» 26-بابتىن)

ئەيسا مەسىھ ھېچقانداق جىنايەت ئۆتكۈزۈپ باقمىغان بولسىمۇ، جىنايەتچى دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ كرېستكە مىخلانغان. يەھۇدىيلار يا ئۇنىڭ خاراكتېرىدىن يا قىلغان ئىشلىرىدىن ھېچقانداق قۇسۇر تاپالمىغان. ئەمما ئۇ بىزنىڭ ئورنىمىزدا قۇربانلىق بولغان، بىزگە مەھكۇم بولۇشقا تېگىشلىك جازانى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. مۇسانىڭ قانۇنى بويىچە، دارغا ئېسىلغان كىشى خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان دەپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۇ بىزنى دەپ خۇدانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان. ئۇ شۇنداق لەنەتكە ھەرگىز لايىق ئەمەس، لېكىن لەنەتكە لايىق گۇناھكار بولغان مېنىڭ ئورنۇمدا ئۆز جېنىنى تۇتۇپ بەردى. شۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، خۇدا ئەڭ ئالىي بولغان پىلانلىرى ئىچىدە ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە يول قويغان. مەسىھ ئەيسا خۇدانىڭ ئادىللىقىنى قانائەتلەندۈرگەن (چۈنكى گۇناھنىڭ جازاسىنى قوبۇل قىلغان) ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىزگە قۇتقۇزۇلۇش، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بەرگەن. خۇدا مەسىھ ئەيساسىز ھېچقانداق ئادەمنى كەچۈرمەيدۇ، ئۇنىڭسىز رەھىمدىللىقىنى كۆرسىتىش يولى يوقتۇر.

بۇ، خۇدانىڭ ھەم ئادىللىقى ھەم رەھىم-شەپقىتىنى بىرلا ۋاقىتتا كۆرسىتىش بىلەن، ئېتىقادچىلارنى قۇتقۇزۇشقا ئەزەلدىنلا بېكىتىپ قويغان بىردىنبىر يولدۇر. سىز خۇدانىڭ ئادىللىقى ۋە

رەھىم-شەپقىتىنى ئاشۇنداق بىرلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئىسلام شەرئىيىتىدىن تاپالارسىزمۇ؟ ۋە ياكى قۇرئاندىن يا ھەدىسلەردىن، سوت قىلىش، ھېساب ئېلىش ۋە كەچۈرۈم قىلىشنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر تەرەپ قىلىنغان ياكى قىلىنىدىغان، دېگەنلەرنى تاپالامسىز؟ بەزى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بۇ مەسىلىگە نەقىل كەلتۈرىدىغان ئايەت شۇكى: - «دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللا سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاللا خالىغان كىشىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ. ئاللا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر» (سۈرە «بەقەرە»، 284-ئايەت).

ئەگەر خۇدا شۇ ئايەت بويىچە ئادەملەردىن ھېساب ئالىدىغان بولسا، ئۇنداقتا نەدىمۇ خۇدانىڭ ئادىللىقى ۋە مېھرى-شەپقىتى بولغان بولسۇن؟ دۇرۇس، خۇدا ھەقىقەتەن ئۆزى خالىغانچە قىلىدۇ؛ لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس خاراكتېرى ۋە مۇقەددەس قانۇنىغا خىلاپلىق ئىشنى ھەرگىزمۇ ئىرادە قىلالمايدۇ. مەسىلەن ئېيتايلۇق، مەلۇم بىر سوتچى ئاكىڭىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ جىنايىتى تولۇق ئىسپاتلانغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇ قاتىلنى كەچۈرۈم قىلىپ قويۇپ بەرسە، سىز بۇ سوتچىنى ئادىل سوتچى دەپ قارايتتىڭىزمۇ؟ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس! سىز ئۇنى پۇتۇنلەي ئادىل ئەمەس دەپ ھېسابلايتتىڭىز:

چۈنكى سوتچىنىڭ ئۆزى قانۇنغا خىلاپلىق ئىش قىلغان. خۇدادىمۇ ئاشۇنداق ئىش مەۋجۇت دېگەن خىيال، ھەقىقەتەن ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ھەم ئەڭ ئورۇنسىز گەپتۇر.

سۈرە «قارىئە» 6-9-ئايەت: -

«تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا (يەنە نازۇنېمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ. تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە (دوزاخ) بولىدۇ».

بۇ ئايەتتىكى بۇ خىل ھېساباش سىستېمىسىنى قانداقمۇ ئىناۋەتلىك دېگىلى بولسۇن؟ مۇشۇ يەردە باشقا بىر كىتابدىكى گەپنى ئىشلەتسەك: - ««سەۋەب

ۋە نەتىجە» دېگەن ئۇنىۋېرسال قانۇنىيەتنى كىممۇ ئۆزگەرتەلىسۇن؟ پەقەت بىرلا قېتىم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن كېيىن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان «ساۋابلىق ئىشلار»نى قىلىسىڭىز، بۇ ھەرگىزمۇ قەلبىڭىزدىكى بۇلغىنىشنى يۇيالمايدۇ. قانداقمۇ يۇيالىسۇن؟ مەن بۈگۈن پۈتۈن بىر كۈن، ھەممە ئىشتا ھەققانىيلىق قىلغان بولسام، بۇ پەقەتلا مۇتلەق پاك، مۇقەددەس بىر خۇدانىڭ ئالدىدىكى قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بۇرچۇم، يەنى ياراتقۇچىم خۇداغا بولغان بۈگۈنكى

قەرزىمـدۇر، خـالاس. مەن يۈز كۈن ئـىـزچـىـل هالـدا يەنە ئاشۇنداق هەقـقانـىيلـىق قـىلـغان بولـسام، بۇمۇ مېـنـىڭ بۇرچۇمـدۇر، خـالاس. ئـون مـىڭ كۈن، هەتـتا هازىردىن بـاشـلاپ ئۆمۈرۋايەت ئـاشۇنـداق هەقـقانـىيەت ئـىـچـىـدە يـاشـاش، هەربـىـر ئـىـنـسانـىـنىڭ تېگىشلىك بۇرچـىدۇر، خالاس. لېكىن بۇنداق ياشاش هەرگىز مۇمكىن ئەمەس. هەرگىز مۇمكىن بولمىغان مۇشۇنداق ياشاش (ناۋادا مۇمكىن بولۇپ قالسا) بىزنىڭ بۇرۇن قىلغان يامانلىقلىرىمىزنى خۇدا ئالدىدا يۇيالامدۇ؟ ـ دېگەن سوئالنى سىزدىن سورايمەن.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىمتىهان بەرگەندە، 99 توغرا جاۋاب قانداقمۇ بىر خاتا جاۋابنى توغرا قىلالىسۇن؟ خۇدانىڭ ئىمتىهانىدا ئۆتۈش تەلىپى 100 نومۇر بولسا، 99 نومۇر ئالغاننى ئىمتىهامدىن ئۆتكەن هېسابلىغىلى بولامدۇ؟ مەيلى 99 نومۇر، 50 نومۇر، 15 نومۇر بولۇپ، «يۈز»لۇك تەلەپكە يېقىن ياكى يىراق بولسۇن، هەممىسى ئوخشاشلا تەلەپكە يەتمەيدۇ. گۇناه دېگەن گۇناه. گۇناهنىڭ چوڭىمۇ گۇناه، كىچىكىمۇ گۇناه. «چۈنكى ئادەملەرنىڭ هەممىسى گۇناه سادىر قىلىپ، خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىغا يېتەلمەي، ئۇنىڭدىن مەهرۇم بولدى» (ئىنجىل، «رىملىقلارغا» 3-باب 23)» («گۇناه ـ ئىنساندىكى بىردىنبىر مەسىلە»دىن)

سۈرە «نىسا»، 44-ئايەت: - «ئاللا ھەقىقەتەن زەررىچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئەگەر كىشىنىڭ زەررىچە ياخشىلىقى بولسا، ئاللا ئۇنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ، ئۆز دەرگاھىدىن بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلىدۇ». بىزنىڭ بۇ ئايەت توغرىسىدا دېگەنلىرىمىز ئوخشاش - بىر ئادەمنىڭ ياخشىلىقىنى «ھەسسىلەپ زىيادە قىلىش»نىڭ ئادىللىق ئەمەسلىكىنى سىز بىلىسىز.

سۈرە «بەنى-ئىسرائىل» («ئىسرا») 13-14 ئايەت: «ھەربىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامە-ئەمەلىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ. (ئۇنىڭغا) «نامە-ئەمەلىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا ئۆزۈڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە» دېيىلىدۇ».

بۇنىڭدا ھەربىر ئادەم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىشتە ئېچىلىدىغان ھېساب دەپتىرىنىڭ بارلىقى كۆرسىتىلگەن. لېكىن بۇ كىتابنىڭ قانداق ئۇسۇل

بىلەن ۋە ياكى قانداق قانۇن بويىچە يېزىلغانلىقى دېيىلمىگەن.

سۈرە «ھۇد»، 114-ئايەت: «شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز-نەسىھەتتۇر».

يۇقىرىدىكى بۇ ئايەتلەرنى ئومۇمىيلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن بەزى مۇسۇلمان ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: «ھېچكىم خۇدا ياخشىلىقلىرىم ئۈچۈن ماڭا ئىنئام بەرمىگەن، دەپ قاقشىيالمايدۇ؛ چۈنكى يامان ئادەملەرنىڭ قىلغان يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىدىن كۆپ (ئېغىر) بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن ئالغان ئىنئامى «بۇ دۇنيادا بولغان» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ». مۇشۇ بويىچە ھېساب ئالىدىغان ئىش بولسا، ھەربىر ئېزىلگۈچى ئەزگۈچىدىن ھەققىنى ئالالايدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىچە يەنە: «پەرىشتىلەر ئەزگۈچىنىڭ قىلغان ئادالەتسىزلىكلىرىگە باراۋەر دەپ ھېسابلىغان بىر نىسبەتنى ئېلىپ، بۇ نىسبەتنى ئېزىلگۈچىنىڭ ياخشىلىقلىرىغا قوشۇپ بېرىدۇ. ئاندىن يەنە بىرسىنىڭ «ياخشىلىق»لىرى «يامانلىق»لىرىدىن زەررىچە ئارتۇق (ئېغىر) بولسا، خۇدا ئۆزىنىڭ رەھىمدىللىقىدىن، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ياخشىلىقلىرىنى ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ. بىرسىنىڭ «ياخشىلىق»لىرى يوق ھېسابتا بولسا،

خۇدا ئۇ زىيان يەتكۈزگەن ئادەملەرنىڭ گۇناھ يۈكلىرىدىن ئېلىپ، ئالغىنىنى ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا قوشۇپ ھەسسىلەپ زىيادە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھلىرى ۋە باشقىلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن دوزاخقا تاشلىنىدۇ».

بۇ ئادىللىقمۇ؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇدا تۇرىدىغان جەننەت چوقۇم مۇتلەق ساپ، پاك يەردۇر. پەقەت پۈتۈنلەي پاكلانغان ۋە ھەققانىي قىلىنغانلارلا كىرەلەيدۇ. بىرلا قېتىم گۇناھ سادىر قىلغان ئادەم ئىنتائەتسىزلىكىدىن ناپاك بولغان بولىدۇ. شۇ ھالى بىلەن جەننەتكە كىرىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن ئالايلۇق، مۇسۇلمان ھەج قىلغىلى ئاق تون كىيىپ، نامازغا كىرگىنىدە بىر ەر داغ ئۇنىڭ ئاق تونىغا تېگىپ كەتسە، بۇ ناپاك بولغان ھېسابلانامدۇ؟ ئۇ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئاق تونىنى قايتا تازىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئەمما خۇدا ئىزدىگەن ساپلىق-پاكلىق بولسا، ئىنساننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدە ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنياسىدا ساپ ۋە پاك بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. خۇدانىڭ نەزىرىدە بولسا، ئىنسان «ساپ» ياكى «ساپ ئەمەس»، «پاك» ياكى «پاك ئەمەس»تۇر. «خېلى پاك» ياكى «پاكراق» دېيىشلەر قەتئىي مەۋجۇت ئەمەستۇر. شۇڭا، ئىنسان بالىسى تامامەن ساپلىنىپ يېڭىلانمىغۇچە، جەننەتكە

كـىـرىشـكـە بـولـمـايـدۇ. ئۇنـىڭ گۇنـاھـلىرى كەچۈرۈم قـىـلـىـنـغـان دەيلۇق، لېكىن ئۇنـىـڭ كۆڭلـىـدە يامانلىقنىڭ بىرەر تال ئۇرۇقى قالسىمۇ ئۇ يەنىلا يامان ھېسابلـىـنـىـدۇ، بۇنداق ئـىـنـسان قـانـداقـمۇ جەنـنەتـكە مۇناسىپ بولالىسۇن؟

يەنە بەزىبىر ئـادەملەر ئـادەم ئـوتـقا كـىـرىپ، ئـوتـتا قـىـيـنـىـلـىـنـىـشلـىرى بىلەن گۇناھلىرىنى يۇيىدىغان بەدەلنى تۆلەپ، ئاندىن چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ: -

«ئاندىن بىز دوزاخ ئازابىغا ئەڭ لايىق بولغانلارنى ئەلۋەتتە ئوبدان بىلىمىز. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن دوزاخقا بارمايدىغان (كىرمەيدىغان) بىرەر كىشىمۇ قالمايدۇ، بۇ پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۆزگەرمەس ھۆكۈمىدۇر. ئـانـدىن تەقۋادارلارنى (جەھەنـنەمدىن) قۇتقۇزىمىز، زالىملارنى جەھەننەمدە تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھالدا قويىمىز» (سۈرە ««مەريەم»، 70-72-ئايەت)

يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ئۇنىڭغا ئاساسلانغان پىكىر توغرىسىدا، دېگەنلىرىمىزمۇ پەقەت يەنىلا ئوخشاش بىر سۆزدۇر - ئادەم ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ئۆزى يۇيالمايدۇ.

بىرسىنىڭ يامان كۆڭلى ۋە خاھىشى ئۆزگەرتىلمىگەن بولسا، ئۇمۇ جەننەتكە، جەننەتمۇ ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس. ئـوغـرى تۈرمىگە تاشلىنىشى ياكى قولى كېسىۋېتىلىشى بىلەن ئوغرىلىق قىلماسلىقتا،

زىناخور قامچىلىنىشى بىلەن زىناخورلۇق قىلماسلىقتا بولغان خاھىشىنى ئۆزگەرتەلمىشى ناتايىن. بەزى ئەھۋاللاردا ئاشۇنداق جازالار ئۇلارنى تېخىمۇ ياماناللاشتۇرۇۋېتىدۇ. سۈرە «يۇسۇف»، 53-ئايەتتە دېيىلگىنىدەك: «نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ».

خۇدانىڭ مېھرى-شەپقىتى توغرۇلۇق ئىپادىلەنگەن يۇقىرىقى ھەرخىل ئۇقۇملار تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدا دېيىلگەنلەرگە پۈتۈنلەي قارىمۇقارشىدۇر. بۇ يەردە بىر تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل بويىچە خۇدانىڭ نىجاتى توغرۇلۇق يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ ئۆتەيلى: -

(1) خۇدانىڭ ئادىللىقى ھەر بىر گۇناھ ئۈچۈن گۇناھكارنىڭ جازالىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ؛
(2) بىرلا قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن گۇناھقا تېگىشلىك بولغان ئادىل جازا مەڭگۈلۈك ئۆلۈمدۇر، يەنى خۇدادىن ئايرىلىشتۇر.
(3) شۇڭا بىر ئادەم ئۆمۈرۋايەت ياخشىلىق قىلسىمۇ، بۇ پەقەتلا ئۇنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشىدۇر. بۇ ياخشىلىقى ئۇنىڭ بىرمۇ گۇناھىنى يۇيالمايدۇ.
(4) بىرلا قېتىملىق گۇناھنىڭ جازاسى خۇدادىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولغاندىن كېيىن، بۇ ۋە ئۇ دۇنيادىكى ۋاقىتلىق ئازابلىنىشلار ئۇنى ھەرگىز پاك قىلالمايدۇ.

(5) ئادەمنىڭ گۇناھلىرى كەچۈرۈلگەندىن كېيىن، قەلبىدە تېخىچە ئاشۇنداق گۇناھ خاھىشلىرى بولسا، ئۇ يەنىلا جەننەتكە لايىق ئەمەستۇر.

(6) خۇدا بىزنى كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر سۆيگۈ بىلەن سۆيگەنلىكىدىن بىزنى قۇتقۇزۇشنى خالايدۇ.

(7) ئۆزىنىڭ ئادىللىقىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن خۇدا مەسىھ ئەيسانى، بىزنىڭ ئورنىمىزدا گۇناھلىرىمىزنىڭ جازاسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن ئۇنى ئەۋەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇ بىزگە كۆرسەتكەن مېھرى-شەپقىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئادىللىقىغا ئاساسلىغان (مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۈشى، ھەربىر ئىنساننىڭ ھەربىر گۇناھى ئۈچۈن تېگىشلىك بولغان جازانى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ بولغان).

(8) مەسىھ ئەيسا بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، كرېستكە مىخلىنىپ، ئۆزىنى قۇربانلىق قىلغان.

(9) خۇدا ئۇنىڭ قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلغان ۋە شۇنداق قوبۇل قىلغىنىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەن.

(10) خۇدا ئۇنىڭ قۇربانلىقىغا ئاساسەن، توۋا قىلىپ، مەسىھ ئەيساغا ئۆزىنى تاپشۇرغان ھەربىر ئىشەنگۈچىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلغان.

(11) خۇدا ھەربىر ئىشەنگۈچىگە «يېڭى ئەھدە»سى بويىچە يېڭى قەلب، يېڭى روھ بېرىشكە ۋەدە قىلغان.

(12) خۇدا ھەربىر ئىشەنگۈچىگە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس روھىنى بېرىشكە ۋەدە قىلغان. پەقەت

مۇقەددەس روھلا ئىنساننىڭ قەلبىنى پاكلىيالايدۇ ۋە ئۇنى مۇھەببەتلىك قىلالايدۇ. بۇلارغا تولەنگەن بەدەلنىمۇ مەسىھ ئەيسا ئۆزىنى قۇربانلىق قىلغىنىدا تۆلەپ بولغان.

(13) مۇقەددەس روھنىڭ ئىنسانىنىڭ روھىي دۇنياسىدا قىلغان ئەمەلى بىلەن، ئىنسان جەننەتكە لايىق بولۇشقا، جەننەتتە مەڭگۈلۈك تۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ.

(14) بۇلارنىڭ ھەممىسى «خۇش خەۋەر» دېيىلىدۇ. (ئىنجىل» دېگەن سۆز «خۇشخەۋەر» دېگەن مەنىدە).

خۇدا بۇ يولنى تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدا بىكىتكەن. بۇ يولنى خۇدا بىكىتكەنىكەن، كىممۇ ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرەلىسۇن؟ بۇ يولغا كىم قارشىلىق كۆرسەتسە، ئۇ خۇدانىڭ ئۆزىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولىدۇ.

## 4-قىسىم

## قۇرئاندا، مەسىھ ئەيسانىڭ كرېستكە مىخلىنىشى توغرىسىدا يېزىلغانلىرى

بەزى مۇسۇلمانلار، ئەيسانىڭ كرېستكە مىخلانغانلىقى ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولغان ئىش، ئەمما

كرېستكە مىخلانغان كىشى مەسىھ ئەيسا ئەمەس، بەلكى خۇدا باشقا بىر كىشىنى ئەيسانىڭ قىياپىتىگە ئوخشىتىپ، ئۇنى مەسىھ ئەيسانىڭ ئورنىدا مىخلاتقۇزغان، دەپ ئىشىنىدۇ. بۇنداق كۆزقاراشنىڭ بولۇشى بەلكىم سۈرە «نىسا»، 157-158-ئايەتتىن كەلگەن: -

«(يەھۇدىيلارنىڭ) يەنە ئاللانىڭ روسۇلى ئەيسا ئىبن مەريەمنى ئۆلتۈردۇق دېگەنلىكلىرى ئۈچۈن (ئۇلارغا لەنەت قىلدۇق). ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئەيسانى ئۆلتۈرگىنىمۇ يوق، دارغا ئاسقىنىمۇ يوق ۋە لېكىن ئۇلارغا شۇبھە سېلىندى (ئەيسانى ئاستۇق دەپ گۇمان قىلىپ، ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ قالغان باشقا بىرسىنى ئاستى). ئەيسا توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلار ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (مەسىلىسى)دە شۇبھىدىدۇر. ئۇلار بۇ (ئىشنىڭ ھەقىقىتى)نى بىلمەيدۇ، گۇمانغىلا ئاساسلىنىدۇ، ئۇلار ئەيسانى جەزمەن ئۆلتۈرمىدى. بەلكى ئاللا ئۇنى ئۆز تەرىپىگە كۆتۈردى (يەنى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى ئاللا ئۇلارنىڭ شەررىدىن قۇتۇلدۇرۇپ تىرىك ھالدا ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى) ئاللا غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».

ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمان ئۆلىمالار مۇشۇ ئايەت توغرىسىدا ئوخشىمىغان خۇلاسىگە كەلگەن. بىرىنچى

كۆزقاراش بولسا، خۇدا يەھۇدىيلارغا ئۆز كۈچ-قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ياكى ئۇلارنى گۇماندا قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەيسانى تىرىك پېتى بىۋاسىتە ئۆز يېنىغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئىككىنچى كۆزقاراش بولسا، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى يەھۇدىيلارنىڭ «ئەيسانىڭ نامىنى يوقىتىش، ھەتتا ئۇنى ئىنسانلارنىڭ يادىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى كرېستكە مىخلىتىپ ئۆلتۈرەيلى» دېگەن مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغان، ئەكسىچە ئۇنىڭ كرېستكە مىخلىنىشى ئۇنىڭ نامىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقالدۇرغان. قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىدىن بۇنداق مەنە چىقمايدۇ. لېكىن قۇرئاننىڭ بەزى يەرلىرىدە مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۈمى تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن. ئەمدى يۇقىرىقى ئايەت، ئەيسا ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىسا، ئۇنداقتا قۇرئاننىڭ ئۆزى بىر-بىرىگە زىت بولغان سۆزلەرنى قىلغان بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ مەسىلەن سۈرە «ئال ئىمران»، 55-ئايەت: -

«ئۆز ۋاقتىدا ئاللا ئېيتتى: «ئى ئەيسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن) سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)...»

ئەسلى ئەرەبچە ئايەتتىكى «مۇتاۋاففىيكا» دېگەن سۆزنى، تەرجىمان مۇھەممەد سالىھ «قەبزى روھ قىلىمەن» دەپ تەرجىمە قىلغان. «قەبزى روھ قىلىمەن» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچىدا «جېنىڭنى ئالىمەن» دېگەن مەنىدە. قارىغاندا مۇھەممەد سالىھ مۇشۇ يەردە ئەيسانى ئۆلدى، دەپ قارىغان. بەزى شەرھچىلەر بولسا، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى «ئۇخلىتىش» دەپ شەرھلىگەن. لېكىن بىر ئىنسانىنى ئۆزىنىڭ «دەرگاھىغا كۆتۈرۈش»تىن ئىلگىرى، خۇدانىڭ مەسىھنى «ئۇخلىتىپ قويۇش»ىدا قانداق ئەقىل ئىشلەتكەنلىكىنى، ئۆتكەنكى ۋە ھازىرقى شەرھچىلەرمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، «مۇتاۋاففىيكا» («قەبزى روھ قىلىمەن») دېگەن سۆز (مۇھەممەد سالىھ تەرجىمە قىلغاندەك) ئۆلۈمنى كۆرسىتىدۇ. باشقا ئۆلىمالار، جۈملىدىن ئىبن ئابباس ۋە مۇھەممەد-ئىبن-ئىسھاقلار مانا مۇشۇنداق دەپ قارىغان. ئەمما يۇقىرىقى بەزى شەرھچىلەرنىڭ، مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۈك ھالەتتە قانچە ۋاقىت تۇرغانلىقى توغرىسىدىكى پىكىرلىرى ھەرخىل. ئۆلىما ۋاھاب، مەسىھنى ئۈچ سائەت ئۆلۈپ، ئاندىن تىرىلدۈرۈلدى دېگەن. مۇھەممەد-ئىبن-ئىسھاق: «يەتتە سائەت ئۆلۈپ ئاندىن تىرىلدۈرۈلدى» دېگەن. ئال-رابئى ئىبن ئانس، خۇدا ئۇنى ئاسمانغا كۆتۈرگىنىدە ئۆلتۈرگەن، دېگەن. ئىمام ئال-بايدھاۋى بولسا مەسىھنى ئۈچ سائەتلا ئۆلگەن دەپ ئىشەنگەن. ئەرەبچە بىر لۇغەتتە «تاۋاففا»

دېگەن پېئىلنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈردۇ: ـ «خۇدا ئۇنى ئۆلۈمگە قويدى، دېمەك، ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى».
قۇرئاندا، «مۇتاۋاففىيكا» ۋە «تاۋاففا» دېگەن پېئىلگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر، 23 قېتىم «ئۆلۈش» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن. ئىككى يەردىن باشقا يەردىكىسى پۈتۈنلەي ئۆلۈمنىلا كۆرسىتىدۇ. ئىككىسىدىن باشقىسى، كونتېكىست بويىچىمۇ، كۆچمە مەنىسى بويىچىمۇ ئوخشاشلا ئۆلۈمنى كۆرسىتىدۇ: ـ

«ئاللا سىلەرنى كېچىسى ئۇخلىتىدۇ، كۈندۈزدىكى قىلغان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە ياشىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزدە سىلەرنى ئويغىتىدۇ، ئاندىن ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاندىن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئاللا سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ» ـ سۈرە «ئەنئام»، 60-ئايەت.

«ئىنسانلار ئۆلىدىغان چاغلىرىدا، ئاللا ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدۇ، ئۆلمىگەنلەرنىڭ جانلىرىنى ئۇخلىغان چاغلىرىدا ئالىدۇ» ـ (سۈرە «زۇمەر»، 42-ئايەت).

يەنە بەزى شەرھچىلەر سۈرە «نىسا»دىكى «مۇتاۋاففىيكا» دېگەن سۆزدىكى «ۋاف» («ۋە»، «ھەم») ئىككى بىسلىق بىر سىرلىق مەنىنى كۆرسەتكەن، مەسىھ بۇ دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىدە ئۆلۈپ

كېتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەن. ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق مەنىدە بولغان بولسا، نېمىشقا ئېنىق دېيىلمىگەن؟ ئاشۇنداق ئىككى بىسلىق سۆزلەردىن مۇھىم ھەقىقەتنى چىقارغىلى بولامدۇ؟

سۈرە مەريەم 15-ئايەت: ـ

«ئۇ (يەھيا پەيغەمبەر) تۇغۇلغان كۈندە، ۋاپات بولغان كۈندە، تىرىلىپ (قەبرىدىن) تۇرغۇزۇلغان كۈندە (ئاللاتائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىدۇ».

سۈرە «مەريەم» 34-ئايەت: ـ

«مەن (ئەيسا مەسىھ) تۇغۇلغان كۈنۈمدە، ۋاپات بولغان كۈنۈمدە، تىرىلىپ (قەبرەمدىن) تۇرغۇزۇلغان كۈنۈمدە (ئاللاتائالا تەرىپىدىن بولغان) ئامانلىققا ئېرىشىمەن».

مۇشۇ ئىككى ئايەتنىڭ بىرىنچىسى بويىچە ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان يەھيا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغانلىقى ۋە ئۆلگەنلىكىگە ئىشىنىدۇ-يۇ، نېمىشقا ئىككىنچى ئايەتتە ئېيتىلغان مەسىھنىڭ ئۆلۈمىگە ئىشەنمەيدۇ؟ ئىككى ئايەتتە ئېيتىلغان سۆزلەر ئاساسەن ئوخشاش بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىمۇ ئوخشاش بولۇشى كېرەك-تە.

سۈرە «مەريەم» 31-ئايەتتە: ـ

«(ئەيسا دېدى: ـ) قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى، زاكاتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى». شەرىئەت بويىچە زاكات نامرات (مۇسۇلمان)لارغا بېرىلىدىغان مەلۇم مىقتاردىكى پۇلنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ پىكرى بويىچە، قۇرئاندا ئىپتىلغان «زاكات» يەنىلا پۇل دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ (پەقەتلا سۈرە «مەريەم» 13-ئايەتتە:

-

«بىز ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىش ۋە ئۇنى (ناچار خىسلەتلەردىن) پاك قىلىش يۈزىسىدىن (شۇنداق قىلدۇق)، يەھيا تەقۋادار ئىدى» ـ شۇ يەردىلا «زاكات» «پاك قىلىش»نى كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر مەسىھ ئەيسا ئۆلمەي ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن بولسا، زاكات بېرىش تېخى ئۇنىڭ بۇرچى بولىدۇ. ئۇ زاكاتنى كىمگە بېرىدۇ؟ ئۇ تېخى بۇ دۇنيادا بولسا، ئۇنداقتا ئۇ زادى نەدە؟ ئۇنىڭ زاكىتىنى قوبۇل قىلغانلار يەنە نەدە؟ ئۇ بۇ دۇنيادا بولمىسا ۋە شۇنداقلا زاكات بېرىشنى توختاتقان بولسا، ئۇنى چوقۇم ئۆلدى، شۇڭلاشقا ئۇنى زاكات بېرىش بۇرچىنى تۈگەتتى، دېيىش كېرەك.

سۈرە «مائىدە» 117-ئايەتتە: ـ

«مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇددەتتە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى مەن كۆزىتىپ تۇرغانىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلغىنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغانىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردارسەن».

بۇ ئايەت توغرىسىدا ئال-رازى ۋە ئال-جالالايىن مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەتنى مەسىھ ئەيسا خۇداغا قىيامەت كۈنىدە دېيىشى مۇمكىن». ئال-رازى بۇ «قەبزى روھ قىلغىنىڭ» (مۇتاۋاففىيكا) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى «كۆتۈرۈلۈش» دەپ چۈشەندۈرگىنىدە، ئۇ بۇ سۆزنى ئەسلىدە «ئۆلتۈرۈش» دەپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇ سۈرە «ئال-ئىمران»، 55-ئايەتتىكى «قەبزى روھ قىلىمەن» (مۇتاۋاففىيكا) دېگەننى ئاشۇنداق مەنىدە (ئۆلتۈرۈش) دېگەندى: ـ

«ئۆز ۋاقتىدا ئاللا ئېيتتى: «ئى ئەيسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن) سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)...»

ئال-رازى ۋە باشقا تەرجىمانلارنىڭ ئىزاھاتلىرىنى («مۇتاۋاففىيكا» («قەبزى روھ قىلىش») دېگەن سۆزنى پەقەتلا «كۆتۈرۈش» دېگەن مەنىدە قوبۇل قىلىدىغان بولساق، ئۇنداقتا، بۇ مەسىھ ئەيسانى ئۆلمىگەن ۋە كەلگۈسىدە مەڭگۈلۈك ئۆلمەيدۇ دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر. مۇشۇنداق بولسا، بۇ پىكىرلەر سۈرە «رەھمان»، 26-27-ئايەت («زېمىننىڭ ئۈستىدىكى ھەممە يوقىلىدۇ! ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ!» ۋە: «ئاللانىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ!») سۈرە «قەسەس»، 88-ئايەتلەرگە زىت كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە مەسىھ ئەيسانىڭ كرېستكە مىخلىنىپ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەنگەن مۇسۇلمان ئۆلىمالار ئاز ئەمەس. بۇ سۈرە «نىسا»دىكى 158-ئايەتتە ئىپتىلغان «مۇتاۋاففىيكا» دېگەن سۆزنىڭ راستىنلا «ئۆلۈم» دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنىڭ نېمە زېمىنى بار؟ شۇنداق بولغاندىلا، بۇ ئايەت تەۋراتقا، ئىنجىلغا ۋە مەسىھي مۇخلىسلىرىنىڭ مەسىھنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا بولغان ئېتىقادىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئى خۇدا، ھەقىقەتنى ئىزدىگۈچىلەرگە ھەقىقەتنى ئۇچۇق كۆرسىتىپ بەرگەيسەن، ھاجەتمەنلەرگە نۇرۇڭنى چاچقايسەن! ئىلتىجا قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا

سەن ئەڭ ئىلتىپاتلىقسەن، بەرگۈچىلەرنىڭ ئارىسىدا سەن ئەڭ سېخى بەرگۈچىدۇرسەن!

## 5-قىسىم

## مەسىھنىڭ كرېستكە مىخلىنىشىدىكى تارىخي ئىسپاتلار

كرېستكە مىخلىنىش ۋەقەسى كىشىلەرنىڭ ئويدۇرمىسى ئەمەس. ئاشۇنداق دەھشەتلىك ۋەقە يۈز بەرمىگەن بولسا، خرىستىئانلار ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ يېتەكچىسى، پەيغەمبىرى، قۇتقۇزغۇچىسى، رەببىنى ئاشۇنداق خار قىلىنغان دېمىگەن بولاتتى. مۇسا پەيغەمبەرنىڭ مۇقەددەس قانۇنىدا مۇنداق دېيىلگەن: «كىمدەكىم دەرەخكە ئېسىلغان بولسا، خۇدا تەرىپىدىن لەنەتكە قالدۇرۇلغان كىشى ھېسابلىنىدۇ» («قانۇن شەرھى» 23:21). ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنجىلدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھالبۇكى، مەسىھ بىزنى تەۋرات قانۇنىدىكى لەنەتتىن ھۆر قىلىش ئۈچۈن ئورنىمىزدا لەنەت بولۇپ بەدەل تۆلىدى. بۇ ھەقتە مۇقەددەس يازمىلاردا: «ياغاچقا ئېسىلغان ھەرقانداق كىشى لەنەتكە قالغان

ھېسابلانسۇن» دەپ يېزىلغان» («گالاتىيالىقلار» 13:3).

مەسىھىيلەر «ئەيسا كرېستكە مىخلانغان» دېگەن پاكىتنى ئېتىراپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاشۇ ۋەقەنى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق روھىي بايلىقلىرى ۋە ساماۋىي بەختىيارلىقلىرىنىڭ مەنبەسى، بارلىق نىجاتلىقنىڭ بۇلىقى دەپ قاراپ پەخىرلىنىپ كەلگەن. شۇنداقلا ئۇلار، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆلۈمىدىن باشقىچە بولغان مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۈمى، پەقەت ئۆزلىرىلا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈنمۇ، گۇناھنىڭ چاڭگىلىدىن ھۆرلۈككە چىقىرىشتىكى ۋاستىدۇر، دەپ ئىشىنىدۇ.

مۇزاكىرىلىرىمىزدە، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا «كرېست ۋەقەسى»نىڭ تارىخىي ئىسپاتلىرى ئەسقىتىپ قالغاچقا، مۇشۇ يەردىمۇ شۇلاردىن ئازراق بىر قىسمىنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

دەسلەپتە قەدىمكى پەيغەمبەرلەردىن داۋۇت، يەشايا، دانىيال ۋە باشقىلار مەسىھنىڭ ھاياتىدا بولىدىغان تۆرلۈك ئىشلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمى ۋە تىرىلدۈرۈلىشى توغرىسىدا ئالدىن بېشارەتلەرنى ئېيتقان. بۇ بېشارەتلەر رەسمىي ھالدا مىلادىيەدىن (يەنى ئەيسانىڭ تۇغۇلۇشىدىن) 1800 يىل ئىلگىرى مۇسا بىلەن باشلانغان. بۇ بېشارەتلەرنىڭ ئارىسىدا: ـ

(1) مەسىھنىڭ نەدە تۇغۇلىدىغانلىقى («تەۋرات، «مىكا»، 5:1-2)

(2) پاك قىزدىن تۇغۇلىدىغانلىقى (تەۋرات، «يەشايا» 14:7)

(3) نەدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدىغانلىقى (تەۋرات، «يەشايا» 2:53، 1:11)

(4) ئۇنىڭ نەدىن خۇش خەۋەرنى تارقىتىشقا باشلايدىغانلىقى (تەۋرات، «يەشايا» 2-1:9، «ماتتىا» 17-14:4)

(5) ئۇنىڭ يارىتىدىغان مۆجىزىلىرى (تەۋرات، «يەشايا» 7-3:35)

(6) يەھۇدىي موللىلىرى بىلەن بولىدىغان زىددىيىتى (تەۋرات، «يەشايا» 16:28، «زەبۇر» 118-كۈي، 22-مىسرا)

(7) ئاخىردا يەھۇدىي موللىلىرى بىلەن باشلىقلىرى ۋە رىم كاپىر رەھبەرلىرىنىڭ بىرلىشىپ ئۇنىڭغا سۇيقەست قىلىدىغانلىقى («زەبۇر»، 12-1:2)

(8) مەسىھ ئەيسانىڭ ئېشەككە مىنىپ يېرۇسالىمغا غەلىبە، ئەمما كىچىك پېئىللىق بىلەن كىرىدىغانلىقى (تەۋرات، «زەكەرىيا»، 9:9)

(9) ئەيسانىڭ ئۆز مۇخلىسىنىڭ ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلىدىغانلىقى («زەبۇر» 9:41)

(10) ساتقۇنلۇق قىلىش باھاسى 30 كۈمۈش تەڭگە بولىدىغانلىقى (تەۋرات، «زەكەرىيا»، 14-12:11)

(11) ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ قايسى يىل، قايسى ئاي، قايسى ھەپتىدە بولىدىغانلىقىنى ھېسابلىغان بېشارەت (تەۋرات، «دانىيال»، 9-باب 24-27-ئايەت)

(12) ئۆلۈمىدە ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنىڭ تېشىلىدىغانلىقى («زەبۇر»، 16:22، «زەكەرىيا» 10:12)

(13) ئۇنىڭ بارلىق ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى قوبۇل قىلىشى ئارقىلىق ئۇستىگە ئالىدىغانلىقى (تەۋرات، «يەشايا» 53-باب، 4-12-ئايەت)

(14) ئۇنىڭ ئۆلۈمىدە كىيىم-كېچەكلىرى سېلىنىۋېتىلىپ، باشقىلار تەرىپىدىن ئۆزئارا ئۈلەشتۈرۈلىدىغانلىقى ۋە كىيىم ئۈچۈن چەك تاشلىنىدىغانلىقى («زەبۇر»، 18:22)

(15) ئۆلۈمىدە ئۇنىڭغا ئاچچىق سۇ بىلەن ئۆت سۇيۇقلۇقى ئارىلاشتۇرۇلغان سۇنىڭ ئىچكۈزۈلىدىغانلىقى («زەبۇر»، 69-كۈي، 21-مىسرا)

(16) ئۇنىڭ جىنايەتچىلەر ئارىسىدا، شۇنداقلا ناھەق ھالدا جىنايەتچى قاتارىدا بېكىتىلىپ، ئۆلۈم جازاغا مەھكىم قىلىنىدىغانلىقى (تەۋرات، «يەشايا» 53-باب، 9-ئايەت)

(17) ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ بىر باي ئادەمنىڭ قەبرىستانىغا دەپنە قىلىنىدىغانلىقى (تەۋرات، «يەشايا» 53-باب، 9-ئايەت)

(18) ئۈچىنچى كۈنىدە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقى (زەبۇر 16-كۈي، 9-10-مىسرا، تەۋرات، «يەشايا» 8:53، 10 («زەبۇر» 30:22 بىلەن سېلىشتۇرۇڭ)، «ھوشېيا» 2:6)

(19) تىرىلدۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدىغانلىقى («زەبۇر» 47-كۈي، 4-مىسرا، «زەبۇر» 24-كۈي).

مەلۇم بىرسىنىڭ ھېسابلاپ چىقىشىچە، مەسىھ ئەيسا بىز بىلەن بۇ دۇنيادا بىللە بولغىنىدا، ئۇ 300دىن ئارتۇق بېشارەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. خۇدا بۇيرۇسا بۇ بېشارەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى بىز كەلگۈسىدە يازماقچى بولغان يەنە بىر كىتابتا تەپسىلىي ھالدا كۆرسىتىپ بېرىمىز. بۇ يەردە پەقەت بىرسىنىلا تەپسىلىي ھالدا كۆرۈپ ئۆتەيلى: -

تەۋراتتىكى «يەشايا پەيغەمبەر» كىتابى، 13:52-12:53-ئايەتلەر:

پەرۋەردىگار مۇنداق دېدى: -

« - كۆرۈڭلاركى، مېنىڭ قۇلۇم دانالىق بىلەن ئىش كۆرىدۇ،

ئۇ ئالەم ئالدىدا كۆتۈرۈلىدۇ، يۇقىرى ئورۇنغا چىقىرىلىدۇ، ناھايىتى ئالىي ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈلىدۇ.

لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر سېنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھەيران قېلىشىدۇ،

- چۈنكى ئۇنىڭ چىرايى باشقا ھەرقاندىقىنىڭكىدىن كۆپ زەخىملەنگەن،

قۇلىنىڭ قىياپىتى شۇ دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەنكى، ئۇنىڭدا ھەتتا ئادەم سىياقىمۇ قالمىغان!
ئۇ شۇ يول بىلەن نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئۈستىگە قان چاچىدۇ.
ھەتتا شاھ-پادىشاھلارمۇ ئۇنىڭ كارامىتىدىن ئاغزىنى تۇتۇپلا قالىدۇ؛
چۈنكى ئۆزلىرىگە ئەزەلدىن ئېيتىلمىغاننى ئۇلار كۆرەلەيدۇ،
ئۇلار ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغاننى چۈشىنەلەيدۇ.
(53-باب)
بىزنىڭ خەۋىرىمىزگە كىممۇ ئىشەنگەن؟
ھەم «پەرۋەردىگارنىڭ بىلىكى» بولغۇچى كىمگىمۇ ئايان قىلىنغان؟
ئۇ بولسا پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا خۇددى يۇمران مايسىدەك،
ياكى خۇددى قاغجىراق تۇپراقتا تارتقان بىر يىلتىزدەك ئۆسىدۇ؛
ئۇنىڭدا جەزبدارلىق ياكى ھەيۋە يوق بولىدۇ،
بىز ئۇنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ بىزنى جەلب قىلغۇدەك تەقى-تۇرقىمۇ يوق بولىدۇ.
ئۇ كىشىلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ؛
ئۇ كۆپ دەرد-ئەلەملىك ئادەم بولۇپ،
ئۇنىڭغا ئازاب-ئوقۇبەت يار بولىدۇ؛

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن يۈزلەر قاچۇرۇلدۇ؛
ئۇ كەمسىتىلدۇ، بىز ئۇنى ھېچ نەرسىگە
ئەرزىمەس دەپ ھېسابلىدۇق.
بىراق ئەمەلىيەتتە بولسا،
ئۇ بىزنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىمىزنى كۆتۈردى،
ئازاب-ئوقۇبەتلىرىمىزنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.
بىز بولساق، بۇ ئىشلارنى ئۇ ۋاباغا ئۇچرىغان،
خۇدا تەرىپىدىن جازالىنىپ ئۇرۇلغان،
شۇنداقلا قىيىن-قىستاقا ئېلىنغانلىقىدىن
دەپ قارىدۇق!
لېكىن ئۇ بىزنىڭ ئاسىيلىقلىرىمىز
تۈپەيلىدىن يارىلاندى،
بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن زەخىملەندى؛
ئۇنىڭ جازالىنىش بەدىلىگە، بىز ئارام-
خاتىرجەملىك تاپتۇق،
ھەم قامچىدىن بولغان يارىلىرى ئارقىلىق
بىز شىپامۇ تاپتۇق.
ھەممىمىز خۇددى قويلاردەك يولدىن ئېزىپ
چىقتۇق؛
ھەربىرىمىز ئۆزىمىز خالىغان يولغا
ماڭغاندۇق؛
بىراق پەرۋەردىگار ھەممىمىزنىڭ
قەبىھلىكىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە يىغىپ يۈكلىدى.
ئۇ قىينىلىپ، ئازاب چەككەن بولسىمۇ ئېغىز
ئاچمىدى؛

ئۇ خۇددى بوغۇزلاشقا يېتىلەپ مېڭىلغان پاقلاندەك بوغۇزلاشقا ئېلىپ مېڭىلدى،
شۇنداقلا يۇڭ قىرقىغۇچىلار ئالدىدا قوي ئۈن-تىنسىز ياتقاندەك، ئۇ زادىلا ئېغىز ئاچمىدى.
ئۇ قاماپ قويۇلۇپ، ھەق سوتتىن مەھرۇم بولۇپ ئېلىپ كېتىلدى،
ئەمدى ئۇنىڭ ئەۋلادىنى كىممۇ بايان قىلالىسۇن؟!
چۈنكى ئۇ تىرىكلەرنىڭ زېمىنىدىن ئېلىپ كېتىلدى،
مېنىڭ خەلقىمنىڭ ئاسىيلىقى ئۈچۈن ئۇ ۋابا بىلەن ئۇرۇلدى.
كىشىلەر ئۇنى رەزىللەر بىلەن ئورتاق بىر گۆرگە بېكىتكەن بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ ئۆلۈمدە بىر باي بىلەن بىللە بولدى،
چۈنكى ئۇ ھېچقاچان زوراۋانلىق قىلىپ باقمىغان،
ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئېغىزمۇ ھىيلە-مىكىرلىك سۆز تېپىلماس.
بىراق ئۇنى ئېزىشنى لايىق كۆرگەن پەرۋەردىگاردۇر؛
ئۇ ئۇنى ئازابقا چۆمۈلدۈرگۈزدى.
گەرچە ئۇ ئۆز جېنىنى گۇناھنى يۇيىدىغان قۇربانلىق قىلغان بولسىمۇ،

لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىنى چوقۇم كۆرۈپ تۇرىدۇ،
شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆرىدىغان كۈنلىرى ئۇزارتىلىدۇ؛
ۋە پەرۋەردىگارنىڭ كۆڭۈلدىكىلىرى ئۇنىڭ قولىدا بولۇپ راۋاج تېپىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.
ئۇ ئۆزى تارتقان جاپانىڭ مېۋىسىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولىدۇ؛
ھەققانىي بولغۇچى مېنىڭ قۇلۇم ئۆزىنىڭ بىلىملىرى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرگە ھەققانىيلىقنى يەتكۈزىدۇ.
چۈنكى ئۇ ئۇلارنىڭ قەبىھلىكلىرىنى ئۆزىگە يۈكلىۋالىدۇ.
بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن مەن شۇ «نۇرغۇن كىشى»نى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ نېسىۋىسى قىلىمەن،
شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى كۈچلۈكلەرنى غەنىمەت سۈپىتىدە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىغان بولىدۇ؛
چۈنكى ئۇ تا ئۆلۈشكە قەدەر «شاراپ ھەدىيە» تۆككەندەك ئۆزىنىڭ جېنىنى تۆتۈپ بەردى،
شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ قاتارىدا سانىلىشىغا يول قويدى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى،
ئۆزىنى ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلدى».

(تەۋرات، «يەشايا» 52-53-باب)

بۇ بېشارەت مەسىھ ئەيسانىڭ دۇنياغا كېلىشىدىن 700 يىل ئىلگىرى، يەشايا پەيغەمبەر ئارقىلىق بېرىلگەنىدى. بۇ بېشارەت مەسىھ ئەيسانى كۆرسەتمىگەن دېسەك، ئۇ چاغدا زادى كىمنى كۆرسەتكەن بولىدۇ؟ قېنى، ئۆزىڭىز بىر دەپ بېقىڭا.

(بۇ بېشارەتلەرنى ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا، بەلكىم سىز بەزى سۆزلەرنىڭ «ئۆتكەن زامان شەكلىدە» يېزىلغانلىقىغا قاراپ، بىرئاز غەلىتە تۇيغۇدا بولۇشىڭىز مۇمكىن. بۇ بېشارەتلەر بولسا (كەلگۈسى، يەنى تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلارنى ئالدىنئالا ئېيتقان بولسا)، ـ نېمىشقا «ئۆتكەن زامان شەكلىدە» ئىپادىلەنگەن دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. ئىشىنىمىزكى، ھەممىدىن قادىر خۇدايىمىز ئالدىدا، كەلگۈسىدىكى، يەنى تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلار خۇددى بۇرۇنقى ياكى بۈگۈنكى ئىشلارغا ئوخشاشلا روشەن ھەم ئېنىق تۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ بېشارەتلەردە، يەشايا پەيغەمبەر مۇقەددەس روھنىڭ قابىلىيىتى بىلەن كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر زاماندا بولۇپ ئۆتكىنىدەكلا، بېشارەت بېرىلگەن ئىشلارنى، ئاللىبۇرۇن يۈز بېرىپ بولغان ئىشلارنى كۆرگەندەك ئېنىق كۆرىدۇ. پېئىلنىڭ «ئۆتكەن زامان شەكلى»نى ئىشلىتىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، خۇدانىڭ نەزىرىدە مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۈمى، ئەلمىساقتىن ئەڭ ئەھمىيەتلىك،

ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ئىش، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك بىر پاكىتتۇر).

تەۋراتتا، مەسىھ ئەيسا توغرىسىدىكى بېشارەتلەردىن سىرت، باشقا نۇرغۇن بېشارەتلەت بار. مەسىلەن، يەھۇدىيلارنىڭ پايتەختى يېرۇسالىم ۋە چوڭ ئىبادەتخانىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، يەھۇدىيلارنىڭ قۇربانلىق قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى (مەسىھنىڭ ئۇلۇغ قۇربانلىقى بىلەن باشقا ھەرقانداق قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقى ئۈچۈن)، يەھۇدىيلارنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ يوقىلىشى ۋە بۇ ئىشلاردىن كېيىنكى يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىگە تارقىتىۋېتىلىشى توغرىسىدىكى بېشارەتلەر بېرىلگەن (مەسىلەن، «دانىيال» 9-باب، 26-27، «ھوشىيا» 3-باب، 3-5-ئايەتلەرنى كۆرۈڭ).

مەسىھ ئەيسا بۇ دۇنياغا كېلىشى بىلەن تەۋراتتىكى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىشى توغرىسىدىكى بېشارەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى يەھۇدىيلارغا ئېنىق ئېلان قىلغان. ئۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تاللىغان روسۇللىرى (ئەلچىلىرى) ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن بەك پەخىرلەنگەن. ئۇلارنىڭ بىرسى «مەن ئاراڭلاردا ئەيسا مەسىھدىن باشقا، يەنى كرېستلەنگەن مەسىھدىن باشقا ھېچنەرسىنى

بىلمەسلىككە بەل باغلىغانىدىم» دېگەن («كورىنتلىقلار (1)» 2:2).

مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۇمدىن بىرنەچچە كۇن كېيىن، ئۇنىڭ روسۇلى پېترۇس توپلانغان زور بىر تۇركۇم يەھۇدىيلارنىڭ ئالدىدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇلارغا: «سىلەر ئۇنى تەۋرات قانۇنسىز يۇرگەن ئادەملەرنىڭ قولى ئارقىلىق كرېستلەپ ئۆلتۇرگۇزدۇڭلار» دېگەن. ئۇنىڭ مۇشۇ خەۋەرنى جاكارلىشى بىلەن تەڭ، شۇ مەيداندىكى كىشىلەردىن 3000چە كىشى مەسىھكە ئېتىقاد باغلىغان.

مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۇمى دەل روسۇللارنىڭ تەلىملىرىنىڭ ھالقىلىق نۇقتىسى بولغان. ئۇلارنىڭ مۇنداق بىر گېپى بۇنىڭغا تىپىك مىسال: ـ «ئۆزۇمنى ئېلىپ ئېيتسام، رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ كرېستتىكى ئۆلۇمىدىن باشقا ھېچ ئىش بىلەن ماختانمىغايمەن! چۇنكى ئۇنىڭ كرېستى ۋاسىتىسىدىن بۇ دۇنيا ماڭا نىسبەتەن كرېستلەنگەن ۋە مەنمۇ بۇ دۇنياغا نىسبەتەن كرېستلەنگەنمەن» (روسۇل پاۋلۇس، ئىنجىل، «گالاتىيالىقلارغا»، 6-باب).

مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۇمىنىڭ ھالقىلىق بولۇشىدىكى سەۋەب يەشايا پەيغەمبەرنىڭ بېشارىتىدە ئېنىق دېيىلگىنىدەك، ئۇنىڭ ئۆلۇمى گۇناھلارنىڭ

كەچۈرۈم قىلىنىشىدىكى بىردىنبىر يول. ئىنجىل بويىچە ئاشۇ ئۆلۈم بۇ ئالەمدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ھالقىلىق ۋەقەدۇر. تەۋراتتىكى بېشارەتلەرمۇ شۇنى تەستىقلايدۇ. كېيىنكى دەۋردىكى مۇخلىسلارنىڭ كۆزقارىشىمۇ روسۇللارنىڭكىگە ئوخشاش، چۈنكى مۇقەددەس كىتابتا بۇنىڭدىنمۇ ئېنىق بولغان پاكىت يوقتۇر.

قىسقىسى، يەھۇدىي تارىخشۇناسلىرىدىن بەزىلىرى (گەرچە ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان بولسىمۇ) ئۇنىڭ كرېستكە مىخلانغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بىرىنچى ئەسىردىكى داڭلىق يەھۇدىي تارىخشۇناسى يۇسۇفۇس مۇنداق دېگەن: «ۋالىي پىلاتۇس باش روھانىيلىرىمىزنىڭ (كاھىنلارنىڭ) رايى بويىچە ئاشۇ «مەسىھ»نى كرېستكە مىخلاش ھۆكۈمىنى چىقارغان. لېكىن ئارىمىزدىكى مەسىھنى سۆيگەن بەزى كىشىلەر ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەي تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن. ئۇلار «خرىستىئانلار» دەپ ئاتىلىدۇ» («خرىستۇس» يۇنان تىلىدا «مەسىھ» دېگەن مەنىدە).

ھەتتا بۈگۈنكى يەھۇدىيلارمۇ مەسىھنىڭ مىخلانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. خېلى بۇرۇنلا، رابىي يۇھانان بىن زاككا (داڭلىق يەھۇدىي موللىسى ھىللەلنىڭ مۇخلىسى) ئىبرانىي تىلىدا بىر كىتاب يېزىپ، مۇنداق بايان قىلغان: «مەسىھ ئەيسانىڭ

ئۆزىنى خۇدانىڭ ئوغلى دەۋىلىشى كۇپۇرلۇق ھېسابلانغاچقا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا شىكايەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كىرىستكە مىخلاشقا مەھكۇم قىلىپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېرۇسالېم سىرتىدىكى بىر دەرەخنىڭ ئۇستىگە ئېسىلغان».

يەھۇدىيلارنىڭ «ھەدىسلەر»ى بولغان «تالمۇد» دېگەن كىتابىدا مەسىھنىڭ مىخلانغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. رىملىق تارىخشۇناس تاكىتۇس چوڭ ئەسىرىنىڭ 15-بابىدا، ئىسرائىلىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان رىملىق ۋالىي پونتىيۇس پىلاتۇسنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەسەر ئاشۇ ۋەقەدىن 40 يىل كېيىن يېزىلغان. مەسىھنىڭ كىرىستىلىنىشىنىڭ جەريانىنى ئېنىق ھەم تەپسىلىي بىلىش ئۇچۇن، ئۇ مەسىھنىڭ دەۋرىدە ياشىغان كىشىلەر بىلەن خەت ئارقىلىق ئالاقىلاشقان. ئۇلار ئارىسىدا مەسىھنى مىخلىغان ۋاقىتتا نەق مەيداندا بولغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ يەنە رىمدا ساقلانغان شاھنامىلەردىكى رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەرقايسى رايون ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەينەن تەزكىرىلىرىدىن پايدىلانغان. تەزكىرىلەر ئارىسىدا پەلەستىندىكى ھۆكۈمدارلارنىڭ كىرىستكە مىخلىنىش ۋەقەسىنى تەسۋىرلىگەن خاتىرىلەرمۇ بار ئىدى. شۇڭا بۇ

تارىخشۇناسنىڭ يازمىلىرى بەك ئەتىۋارلىق ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مۇھىم پاكىتلاردىن يەنە بىرى شۇكى، پىلاتۇس مەسىھنىڭ ئۆلۈم جازاسى توغرىسىدا بىر دوكلاتنى رىمغا يوللاپ ئەۋەتكەن؛ بۇ دوكلات تاكىتۇسنىڭ دەۋرىگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. مۇشۇنداق دوكلاتلارنى ساقلاپ قويۇش بولسا، شۇ چاغدىكى ئىمپېرىيەنىڭ بىر مەدەنىي ئادىتى ئىدى. تاكىتۇس تەتقىقات جەريانىدا ئەنە شۇ ساقلانغان دوكلاتتىن ھەم ھۆكۈمەتتىن كەلگەن مەنبەلەردىن پايدىلانغان. بۇ دوكلاتنىڭ مەزمۇنىنى فىلاۋىيۇس يۇستۇس ئىسىملىك بىر پەيلاسوپ مىلادىيەدىن كېيىنكى 169-يىلى، ئىمپېراتور ئانتونىئۇس پىئۇسقا يازغان خېتىدىمۇ تىلغا ئالغان. داڭلىق مەسىھىي ئالىم تەرتۇللىيان، مىلادىيەدىن كېيىنكى 199-يىلىمۇ ئاشۇ دوكلاتنى تىلغا ئالغان.

شۇنىڭ بىلەن مەسىھنىڭ مىخلىنىش ۋەقەسى كاپىرلار، يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار ئارىسىدا تىلغا كۆپ ئېلىنىدىغان گەپ بولغان، 600 يىل مەزگىل ئىچىدە پۇقرالار ۋە مەرتىۋىلىك تەبىقىلەر ئارىسىدا ئىسپاتلانغان ھەقىقىي پاكىت دەپ قارىلىپ كەلگەن. قۇرئان پەيدا بولغانغا قەدەر ھەرقانداق ئادەم، مەيلى قانداق ئېتىقادتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاشۇ ۋەقەدىن گۇمانلىنىپ باققان ئەمەس (مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكىگە پەقەت خرىستىئانلارلا ئىشەنگەن، ئەلۋەتتە). قارىماققا، قۇرئاننىڭ كۆرۈنۈشتە

مۇجەمەل بولغان بەزىبىر جۈملىلىرى بەزى مۇسۇلمان ئۆلىمالارنى ئەيسانىڭ ئۆلۈمىدىن گۇمانلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەزى مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭغا ئىشەندۇرگەن.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، زائىدنىڭ ئامىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى 50 كىشى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ۋە بۇ گۇۋاھچىلارنىڭ ھەممىسى ھەم قاتىل ھەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى ئوبدان تونۇيدۇ، دەيلۇق. شۇنداقلا، بۇ ئىش يۈز بېرىپ 600 يىل بولغانغا قەدەر «زائىد ئامىرنى ئۆلتۈرگەن» دېگەن گەپ ھەممە ئادەمنىڭ كاللىسىدا رەت قىلغۇسىز دەرىجىدىكى پاكىت دەپ قارىلىپ كەلگەنمۇ، دەيلۇق. بۇ 600 يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، مەلۇم بىر كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ: «مەن شۇنىڭغا گۇۋاھچىلىق قىلىمەنكى، ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئامىر ئەمەس، بەلكى باكىر ئىدى» دېسە، كىشىلەر بۇنىڭغا قانداق پىكىردە بولار؟ مەيلى ئۇ «گۇۋاھچىلىق قىلماقچى بولغان» ئادەم باشقا تەرەپلىرىدە ئىشەنچلىك ھېسابلانسىمۇ، خەلقلەرنىڭ «زائىد ئامىرنى ئۆلتۈرگەن» دېگەن پىكىرنى ئۆزگەرتەلەمدۇ؟! شۈبھىسىزكى، ھەرقانداق بىر لىللا ئادەم نۇرغۇنلىغان گۇۋاھچىلارنىڭ سۆزلىرىگە ۋە شۇنداقلا قاتىلنىڭ ئۆز ئىقرارنامىسىگە ئاساسەن، «ئۆلتۈرۈلگەن كىشى بەرىبىر ئامىر ئىكەن» دېگەن خۇلاسىدە تۇرۇۋېرىشى كېرەك. مەلۇم بىر سوتچى سوت قىلىش جەريانىدا بۇنداق گۇۋاھچىلىقنى قوبۇل قىلسا،

ئۇنداقتا سوتچى ئۆزىنىڭ ئادالەتسىز، نادان ۋە قانۇنلاردىن تولىمۇ بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولامدۇ؟

بۇ مىسالنى مەسىھ ئەيسانىڭ مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ھەر جەھەتتىن زىچ باغلىنىشى بار دەپ ئولتۇرمىسامىمۇ، ئوقۇرمەنگە ئايان بولسا كېرەك.

بۇ ئىش ناھايىتى مۇھىم. مۇتلەق لىللا ھۆكۈم چىقىرىش ھەقىقەتنى ئىزدەپ تېپىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىردىنبىر شەرت. شۇنداق لىللالىق بىلەن ئىزدەنسىڭىز، مەسىھ ئەيسانىڭ ئىنساننى گۇناھدىن ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، كرېستكە مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيسىز. ئۇ ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلۈپ غەلىبە بىلەن ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن. ئۆلۈم ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بولالمايدۇ!

«شۇ سەۋەبتىن، مەسىھ ئۆزى ئارقىلىق خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەنلەرنى ئۈزۈل-كېسىل قۇتقۇزۇشقا قادىر؛ چۈنكى ئۇ ئۇلار ئۈچۈن خۇداغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەڭگۈ ھاياتتۇر» (ئىنجىل، «ئىبرانىيلارغا» 7-باب 25-ئايەت).

## 5-مۇزاكىرە

### مەسىھنىڭ خۇدالىق تەبىئىتى
### مەسىھ خۇدانىڭ ئوغلى،
### مەسىھ گۇناھسىز

خۇدا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك كىتابىدا ئاشكارىلىغان سىرلىرىغا ئاساسەن، بىز مەسىھىيلەر (مەسىھ مۇخلىسلىرى، مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچىلار) مەسىھ ئەيسانىڭ خاتالىق سادىر قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. پاك قىز مەريەمدىنلا تۇغۇلغانلىقى ئۇچۇن ئۇ ماھىيىتىدىن چىرىكلىشىپ كەتكەن ئىنسانىنىڭ گۇناھلىق تەبىئىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئەمەس. قۇرئانمۇ بۇنىڭغا گۇۋاھچى بولىدۇ (گۇناھلىق تەبىئىتى ئەركىشى ئارقىلىق پەرزەنتكە قالدۇرۇلىدىغان بولسا كېرەك. شۇنىمۇ دەپ ئۆتىمىزكى، مەريەمنى پاك قىز دېگىنىمىز، ئۇنى گۇناھسىز دېگىنىمىز ئەمەس، پەقەت ئۇ شۇ چاغدا تېخى يۈزى ئېچىلمىغان قىز ئىدى).

ئىنجىلنىڭ نۇرلۇق كۆرسىتىشى ئاستىدا، روسۇللار قوبۇل قىلغان ۋەھىيلەرگە ئاساسەن بىز مەسىھ ئەيسانىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم خۇدا ھەم ئىنسان ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشىنىمىز. بۇنى باشقىچە

ئىپادىلىسەك، «چۈنكى ئۇنىڭدا، يەنى مەسىھدە، خۇدانىڭ بارلىق جەۋھىرى تەن شەكلىدە تۇرىدۇ» (ئىنجىل، «كولوسسىلىقلارغا»، 2-باب، 9-ئايەت)

«خۇدا بۇرۇنقى زامانلاردا ئاتا-بوۋىلارغا پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق تۇركۇم-تۇركۇم بويىچە ۋە نۇرغۇن يوللار بىلەن سۆز قىلغان بولۇپ، مۇشۇ ئاخىرقى كۈنلەردە بولسا بىزگە ئوغلى ئارقىلىق سۆزلىدى. ئۇ ئوغلىنى پۈتكۈل مەۋجۇداتنىڭ مىراسخورى قىلىپ بېكىتكەن، ئۇنىڭ ئارقىلىق كائىناتلارنى ياراتقان. ئۇ خۇدانىڭ شان-شەرىپىدىن پارلىغان نۇر، ئۇنىڭ ئەينىيىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر، ئۇ قۇدرەتلىك سۆز-كالامى بىلەن پۈتكۈل كائىناتتىكى مەۋجۇداتنى ئۆز ئورنىدا تۇرغۇزۇۋاتقان بولۇپ، ئۇ گۇناھلارنى تازىلاش خىزمىتىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئەرشتىكى شانۇ-شەۋكەت ئىگىسىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇردى».

(ئىنجىل، ئىبرانىيلارغا» 1-باب، 1-3-ئايەت)

شۇلارغا ئاساسەن مەسىھنى، بىرلا ۋاقىتتا ھەم خۇدا ھەم ئىنسان دېگىلى بولىدۇ. چۈنكى ئادەم خۇدا ئەمەس، خۇدا دېگەن خۇدا، ئادەم دېگەن ئادەم. مەسىھ مۇخلىسلىرىنىڭ ئېتىقادىدا ـ «مۇقەددەس بەندىلەرگە

بىر يولىلا ئامانەت قىلىنغان ئېتىقاد»تا، بەزى

مۇسۇلمانلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك «ئىككى خۇدا» مەۋجۇت ئەمەس، «خۇدا پەقەت بىر» دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. مەسىھ ئىنسان شەكلىدە بولۇش قارارىغا قەتئىي كەلگەنلىكىدىن كېيىن، ئىخلاسمەن بىر ئىنسان ئورنىدا بولۇپ، بارلىق ئىشلىرىدا خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە تايىنىپ كەلگەن. مۆجىزە يارىتىشتىمۇ، ئۆزىدىكى خۇدالىق كۈچ-قۇدرەتكە تايانماي، ئىنسانغا ئوخشاش، (مۆجىزە يارىتىش ئۈچۈن) خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە، يەنى ئۇنىڭ مۇقەددەس روھىغا تايىنىپ كەلگەن. پەقەت بەزىبىر ئالاھىدە ئەھۋالدا، خۇدا ئۇنىڭغا ئۆزىدىكى خۇدالىق كۈچىنى ئىشلىتىشكە بۇيرۇغان: مەسىلەن، تۆۋەندىكىلەرنى ئالساق: -

«ئۈچىنچى كۈنى، گالىلىيەدىكى كانا يېزىسىدا بىر توي بولدى. ئەيسانىڭ ئانىسى مەريەم ئۇ يەردە ئىدى ھەم ئەيسا ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىمۇ تويغا تەكلىپ قىلىنغانىدى.

تويدا شاراب تۈگەپ قالغاندا، ئەيسانىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا:

- ئۇلارنىڭ شارابلىرى تۈگەپ قاپتۇ، — دېدى.

ئەيسا ئۇنىڭغا: — خانىم، مېنىڭ سەن بىلەن نېمە كارىم؟ مېنىڭ ۋاقتى-سائىتىم تېخى كەلمىدى، — دېدى.

ئانىسى چاكارلارغا:

- ئۇ سىلەرگە نېمە قىل دېسە، شۇنى قىلىڭلار، ــ دېدى.

ئەمدى شۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ تاھارەت ئادىتى بويىچە ئىشلىتىلىدىغان، ھەربىرىگە ئىككى-ئۈچ تۈڭدىن سۇ سىغىدىغان ئالتە تاش كۆپ قويۇلغانىدى.
ئەيسا چاكارلارغا:
- كۆپىلەرگە سۇ تولدۇرۇڭلار، ــ دېدى.

ئۇلار كۆپىلەرنى ئاغزىغىچە تولدۇرۇشتى، ئاندىن ئۇ ئۇلارغا يەنە:
- ئەمدى بۇنىڭدىن ئۇسۇپ توي باشقۇرغۇچىغا بېرىڭلار، ــ دېدى.

ئۇلار ئۇنى ئاپىرىپ بەردى.
توي باشقۇرغۇچى شارابقا ئايلاندۇرۇلغان سۇدىن تېتىپ كۆرگەندە (ئۇ ئۇنىڭ قەيەردىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلمىدى، ئەمما بۇنى سۇ توشۇغان چاكارلار بىلەتتى) توي باشقۇرغۇچى تويى بولۇۋاتقان يىگىتنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:
- ھەربىر توي قىلغۇچى ياخشى شارابنى توينىڭ بېشىدا قويىدۇ، ئاندىن مېھمانلار خېلى قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن، ناچىرىنى قويىدۇ. ئەجەب، سەن ياخشى شارابنى مۇشۇ چاغقىچە ساقلاپسەن! ــ دېدى.

بۇ بولسا، ئەيسا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىك ئالامەتلەرنىڭ دەسلەپكىسى بولۇپ، گالىلىيەنىڭ كانا يېزىسىدا كۆرسىتىلگەندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى ئايان قىلدى، ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلدى» (ئىنجىل «يۇھاننا» 2-باب، 1-11-ئايەت).

«ئاتا مېنى شۇ سەۋەبتىن سۆيىدۇكى، مەن جېنىمنى قايتۇرۇۋېلىشىم ئۈچۈن ئۇنى پىدا قىلىمەن. جېنىمنى ھېچكىم مەندىن ئالالمايدۇ، مەن ئۇنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن پىدا قىلىمەن. مەن ئۇنى پىدا قىلىشقا ھوقۇقلۇقمەن ۋە شۇنداقلا ئۇنى قايتۇرۇۋېلىشقىمۇ ھوقۇقلۇقمەن؛ بۇ ئەمرنى ئاتامدىن تاپشۇرۇۋالغانمەن» («يۇھاننا»، 10-باب، 17-18-ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەت ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىنى بەلگىلىيەلمەيدۇ. ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغان ئادەملەرمۇ شۇنداق، چۈنكى ھېچكىم ئۆز جېنى ئۈستىدە ھۆكۈم سۈرەلمەيدۇ. لېكىن مەسىھ ئەيسا مۇشۇ يەردە، ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئۆزىدە جان بېرىش ھەم ئۆزىنى تىرىلدۈرۈش ھوقۇقى ۋە كۈچ-قۇدرىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان. دەرۋەقە، ئۇ كرېستكە

مىخلانغاندا، ئاشۇ ئىلگىرى ئېيتقان ۋاقتى يېتىپ كەلگەندە: ـ

«ئەيسا سىركە شارابنى ئىچكەندىن كېيىن: ـ تامام بولدى! ـ دېدى-دە، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، روھىنى تاپشۇرۇپ بەردى» («يۇھاننا»، 19-باب، 30-ئايەت). ئادەتتە ئادەم تىنىقى ئۈزۈلگەندىن كېيىن «بېشى تۆۋەن چۈشىدۇ»، لېكىن مۇشۇ يەردە ئۇ «بېشىنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ» ئاندىن ئۆلىدۇ. ئۇ ئۆزى، ئۆز روھىنى ئاتىسى خۇداغا تاپشۇرغان.

مەسىھ ئەيسا ئىنسان ئىدى؛ بارلىق ئىنسانلارغا ئوخشاش قورسىقى ئاچقان، تاماق يېگەن، ئۇسسىغان، سۇ ئىچكەن، ئىشلىگەن، ھېرىپ چارچىغان ۋە ئۇخلىغان ھەمدە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىگە ئۇچرىغان. دەرۋەقە ئۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ سالاھىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ۋە بەزىدە ئۆزىنىڭ ئىنساننىڭ سۈپىتىدە بولىدىغانلىنى كۆرسىتىپ ئېيتىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ بۇنداق ئېيتىشى، ئۇنىڭ ھەم خۇدا ھەم ئىنسان بولغانلىقىدىن ئىبارەت. بەزى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ۋە بەزى خرىستىئانلارمۇ مۇقەددەس كىتابتىكى مەسىھنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدىغان نۇرغۇن تېكىستلەرنى كۆرۈپ، مەسىھنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلغان. ئەمما ئۇلار ئەيسانىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن نۇرغۇن تېكىستلەرنىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىنچكىلەپ

كۆرۈپ چىقسا، كۆزلىرىنى غوۋالاشتۇرغان گۇمان تۇمانلىرى چوقۇم تارقاپ كېتىدۇ.

«باش كاھىن ئۇنى قىستاپ يەنە ئۇنىڭدىن:

- سەن مۇبارەك بولغۇچىنىڭ (خۇدانىڭ) ئوغلى مەسىھمۇسەن؟ - دەپ سورىدى.

- شۇنداق، مەن ئۆزۈم، - دېدى ئەيسا، - ۋە سىلەر كىيىن ئىنسانئوغلىنىڭ قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغانلىقىنى ۋە ئاسماندىكى بۇلۇتلار بىلەن كېلىدىغانلىقىنى كۆرىسىلەر.

شۇنىڭ بىلەن باش كاھىن تونلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ:

- ئەمدى باشقا ھەرقانداق گۇۋاھچىنىڭ نىمە ھاجىتى؟ ئۆزۈڭلار بۇ كۇپۇرلۇقنى ئاڭلىدىڭلار! ئەمدى بۇنىڭغا نىمە دەيسىلەر؟ - دېدى» (ئىنجىل، «ماركۇس» 14-باب، 61-63-ئايەت).

كۆرگىنىڭىزدەك، مەسىھ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارە قىلىشى بىلەن يەھۇدىي موللىلىرى ئۇنى «كۇپۇرلۇق قىلدى» دەپ ئەيىبلەپ ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم قىلدۇرماقچى ئىدى.

يەنە بىر ئايەتنى كۆرەيلى: - «ئى رەب، ئاتىنى بىزگە كۆرسىتىپ قويساڭلا، شۇ كۇپايە، - دېدى فىلىپ.

ئەيسا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: ـ «ئى فىلىپ، سىلەر بىلەن بىرگە بولغىنىمغا شۇنچە ۋاقىت بولدى، مېنى تېخىچە تونۇمىدىڭمۇ؟ مېنى كۆرگەن كىشى ئاتىنى كۆرگەن بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سەن نېمىشقا يەنە: «بىزگە ئاتىنى كۆرسەتكەيسەن» دەيسەن؟ مەن ئاتىدا، ئاتا مەندە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەمسەن؟ سىلەرگە ئېيتقان سۆزلىرىمنى ئۆزلۈكۈمدىن ئېيتقىنىم يوق؛ بەلكى مەندە تۇرۇۋاتقان ئاتا ئۆز ئەمەللىرىنى قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭ ئاتىدا بولغانلىقىمغا، ئاتىنىڭ مەندە بولغانلىقىغا ئىشىنىڭلار. ياكى ھېچبولمىغاندا، مېنىڭ قىلغان ئەمەللىرىمدىن ماڭا ئىشىنىڭلار» (ئىنجىل، «يۇھاننا»، 14-باب، 9-11)

مەسىھنىڭ ئۆلۈمى ۋە تىرىلىشى بولسا، ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگىلا خاس بولغانلىقىدىن بولغان.

ئۇنىڭ خۇدالىق تەبىئىتى بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشارەتلىرىدە، مەسىھنىڭ ئۆز سۆزلىرىدە ۋە روسۇللارنىڭ تەلىماتلىرىدا، تەۋرات ۋە ئىنجىلدا ئېنىق بايان قىلىنغان.

قۇرئاندا بولسا، سۈرە «ئال-ئىمران»، 45-ئايەت: ـ

«ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللا ساڭا (ئاتىنىڭ ۋاستىسىز) ئاللانىڭ بىر كەلىمىسى

(كالام-سۆزى) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئەيسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرويلۇق ۋە ئاللاغا يېقىنلاردىن بولىدۇ»»
شەرھچىلەر بۇ ئايەتتىكى «كەلىمە» (كالام) دېگەن سۆزنىڭ، باشقا تېكىستلەردە «بولماق» (ئەرەبچىدە «كۇن») مەنىسىدە ياكى «ئېغىزدىكى گەپ» دېگەن مەنىدە كېلىدىغانلىقىنى ئىپتىسىمۇ، بۇ يەردە ئۇنداق دېگەن مەنە چىقمىغان. سۆزمۇسۆز ئىپادىلىسەك: ««ئاللا ئۆزى» ساڭا («ئۆزىنىڭ» ياكى «ئاللانىڭ») بىر كالامى بولغان مەسىھ مەريەم ئوغلى ئەيسا توغرۇلۇق خۇش خەۋەر بېرىدۇ». بۇ يەردىكى «ئۇنىڭدىن بىر كەلىمە بولغان مەسىھ» دېگەن ئىبارە بۇ «كەلىمە»نىڭ بىر شەخس ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ئايەتتىكى «كەلىمە» «ئاياللچە رود»تىكى سۆز بولۇپ، ئۇنى ئېنىقلايدىغان ئالماش «ئىسمىخى» دېگەن سۆز، يەنى «ئۇ» دېگەن ئالماش «ئەرەنچە رود»تا ئىشلىتىلگەن.
(بۇ «كەلىمە» ياكى «كالام» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دېگەن ماقالىدىن تېپىلىدۇ).
بەزى مۇسۇلمان ئۆلىمالار خۇدا بىر ئېغىز سۆز بىلەن بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقان، شۇڭا بۇ مەخلۇقاتلارنى «خۇدانىڭ كالاملىرى» دېيىشكە بولىدۇ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن بۇ توغرا ئەمەس. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئۇنداقتا «سەۋەب»نىڭ

ئۆزى، بىرلا ۋاقىتتا ھەم «نەتىجە»مۇ بولۇپ قالغان بولامدۇ؟ شۇنداقلا «كىتابنى «قەلەم» دېگىلىمۇ بولىدۇ» بولۇپ قالامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە قەلەم، كىتاب تۈزۈشتىكى ۋاستە، بەلكى كىتابنىڭ ئۆزى ئەمەس. خۇدا (ئۇلارنىڭ دەۋالىرىدەك) مەسىھ ئەيسانى بىرلا بۇيرۇق («كۈن» («بول»)) بىلەن ياراتقان بولسا، ئۇنى «كالام» دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ «كالام» ئەمەس، بەلكى «كالام»نىڭ نەتىجىسى بولۇپ قالاتتى. كاللامنى ئىشلىتىپ بىر كىتاب يازسام، بۇ كىتابنى «كاللا» ياكى «كاللام» دېگىلى بولمايدۇ، بەلكى «كاللامنىڭ ئىجادىيىتى» بولىدۇ. مۇشۇنداق قالايمىقان سۆزلەپ كەتسەك، ھەقىقەتنى ساختىلىق بىلەن، زۆرۈر بولغان ئىشلارنى زۆرۈر بولمىغان ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن ئارىلاشتۇرىۋەتكەن بولىمىز ئەمەسمۇ؟

قۇرئاندىكى باشقا ئايەتلەردىمۇ ئېنىق تۈرۈپتۇكى، مەسىھ «ئاللادىن كەلگەن بىر روھتۇر» (مەسىلەن، سۈرە «نىسا» 171-ئايەت). خۇدانىڭ ئۆزىدىن كەلگىنىنىڭ ئۆزى خۇدادۇر. شۇڭا خۇدانىڭ كالامى مەڭگۈلۈك خۇدادۇر، خۇدانىڭ روھىمۇ خۇدادۇر، مەڭگۈلۈك ۋە ئۆلمەستۇر. بۇ ئىنجىلدىكى «يۇھاننا» قىسمىنىڭ بېشىدا يېزىلغانغا ئوخشاش: ـ

«مۇقەددىمىدە (ھەممىدىن بۇرۇن) «كالام» بار ئىدى؛ كالام خۇدا بىلەن بىللە ئىدى ھەم كالام خۇدا ئىدى. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن خۇدا بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ ئارقىلىق بارلىق مەۋجۇداتلار يارىتىلدى

ۋە بارلىق يارىتىلغانلارنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭسىز يارىتىلغان ئەمەس. ئۇنىڭدا ھاياتلىق بار ئىدى ۋە شۇ ھاياتلىق ئىنسانلارغا نۇر ئېلىپ كەلدى. ۋە نۇر قاراڭغۇلۇقتا پارلايدۇ ۋە قاراڭغۇلۇق بولسا نۇرنى ھېچ بىسىپ چۈشەلىگەن ئەمەس»
(ئىنجىل، «يۇھاننا» 1-باب، 1-5-ئايەت).

مەسىھنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە كەلسەك، بەزى مۇسۇلمانلاردا چوڭ بىر ئۇقۇشماسلىق بار. ئۇلار بۇ سۆزلەرنى كۈپۈرلۈق دەپ قارايدۇ، «خۇدانىڭ قانداقسىگە ئايالى بولسۇن؟» - دېيىشىدۇ. شۇنداق

گەپلەرنى بىزمۇ كۈپۈرلۈق دەپ قارايمىز. بۇ ئىشنى ئاۋۋال ئاددىيراق قىلىپ ئويلىساق، «ئوغۇل» دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تىللاردىمۇ كۆچمە مەنىسىنىڭ بارلىقى ھەممىمىزگە ئايان. مەسىلەن: «ئۇ ئوغۇل بالا» دېسەك، بۇنىڭدىن ئىككى خىل مەنە چىقىدۇ - بۇنىڭ كۆچمە مەنىسى بولسا، ئۇنىڭ بەك

باتۇر، ئەرلىك پەزىلەتكە ئىگە، جۈرئەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يەنە شۇنداقلا، «تىلنىڭ ئانىسى قۇلاق»، «زۇكام كېسەلنىڭ ئانىسى»، «لوقمان تېبابەتنىڭ بىرىنچى ئاتىسى»، «گەپ ئانىسى» قاتارلىق ئىبارىلەر ياكى تەمسىللەرنىڭ ھەممىسى «ئاتا»، «ئانا» دېگەن سۆزنى كۆچمە مەنىسىدە ئىشلىتىدۇ. يەنە بىر مىسال، «بۇ ئادەم ھەقىقىي لوقماننىڭ ئوغلى» دېگەن جۈملىنىڭ

ئىككىنچى مەنىسى، ئۇ لۇقمانىنىڭ «جىسمانىي» ئوغلى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەن راست ياخشى تېۋىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، تېۋىپ لوقمانىنىڭ شۆھرەت-ئابرويىغا سازاۋەر بولۇشقا لايىق ئادەم دېگەنلىكتۇر.

قۇرئاننىڭ ئۆزىدە ئەنە شۇنداق ئىبارىلەر ئىشلىتىلىدۇ: -

(1) «يولنىڭ ئوغلى» (ئىبن ئەس-سەبىل) (سۈرە «بەقەرە»، 117-ئايەت). بۇ ئىبارە يولنىڭ بىر ئايالى بار دېگەنلىك ئەمەس.

(2) «كىتابنىڭ ئانىسى» (ئۇم ئۇل-كىتاب) (سۈرە «ئال-ئىمران» 7-ئايەت ۋە باشقىلار).

(3) مەككە «شەھەرلەرنىڭ ئانىسى» (ئۇم-ئۇل-كۇراھ) دەپ ئاتىلىدۇ (سۈرە «ئەنئام» 93-ئايەت ۋە باشقىلار).

(4) مۇھەممەدنىڭ ئاياللىرى «مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەدىسلەردە خۇداغا ۋەكالىتەن مۇنداق دېيىلگەن: «كەمبەغەللەر مېنىڭ ئائىلەمدۇر». سۈرە «زۇمەر»، 4-ئايەتتە: «ئەگەر ئاللا بالا تۇتۇشنى خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەخلۇقات ئىچىدىن خالىغاننى ئىختىيار قىلاتتى» - دېيىلگەن ئىكەن. بۇ ئايەت توغرا بولسا،

مەسىھ ئەيسانىڭ خۇدانىڭ ئوغلى بولغانلىقى (ئەلۋەتتە ھەرگىزمۇ ئىنسانىي جىنسىي مۇناسىۋەتتىن تۇغۇلغان ئەمەس) ئاجايىب ئىش ئەمەستۇر. خۇدا مۆمىن بەندىلىرىنى «پەرزەنتلىرىم» دېگەن، لېكىن

ئىنجىلدا مەسىھ ئەيسا «خۇدانىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلى» دېيىلگەن. دېمەك، ئۇنىڭ ئوغۇللۇقى خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرىنىڭكىدىن مۇتلەق پەرقلىق.

ئۇنىڭ خۇداغا ئوغۇل ئىكەنلىكىنى بىز پۈتۈنلەي چۈشىنىپ يېتەلمەيمىز، چۈنكى بۇ ئادەمنىڭ چۈشەنچىسىدىن بەك ھالقىپ كەتكەن بىر سىردۇر. بەزى كىشىلەرنىڭ «سىز خۇدايىڭىزنى دائىم ئادەمگە ئوخشىتىسىز» دېگەن شىكايىتى پۈتۈنلەي توغرا ئەمەس. «خۇدا ئادەمدەكتۇر» دېمەيمىز؛ ھالبۇكى، «ئادەم خۇدادەكتۇر» دېيىش ھەقىقەتكە يېقىنراق كېلىدۇ.
تەۋراتنىڭ بىرىنچى قىسمى «يارىتىلىش»، 1-باب، 26-27-ئايەت:
«ئاندىن خۇدا: «ئۆز ئوبراز-سۈرىتىمىزدە، بىزگە ئوخشايدىغان قىلىپ ئىنساننى يارىتايلى! ئۇلار دېڭىزدىكى بېلىقلارغا، ئاسماندىكى ئۇچار-قاناتلارغا، بارلىق مال-چارۋىلارغا، پۈتكۈل يەر يۈزىگە ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق ئۆمىلىگۈچى جانىۋارلارغا ئىگىدارچىلىق قىلسۇن» دېدى.
شۇنداق قىلىپ، خۇدا ئىنساننى ئۆز ئوبراز-سۈرىتىدە ياراتتى؛
ئۇنى ئۆزىنىڭ سۈرىتىدە ياراتتى؛
ئۇلارنى ئەركەك-چىشى قىلىپ ياراتتى».
ئادەمنىڭ «خۇدانىڭ ئوبراز-سۈرىتى» ياكى «ئەكسى» ياكى «سىياقى» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى

گەپ-سۆز خېلى كۆپ. بۇنىڭ مەنىسى كۆپ تەرەپلىمىلىك؛ ئەمما «ئىنسان خۇدانىڭ ئەكسى» دېسەكمۇ، بۇ ھەرگىز «خۇدانىڭ تېنى بار»، ياكى «خۇدا جىسمانىي ئىكەن» دېگىنىمىز ئەمەس. ئادەم دېگەن مۇھەببەت كۆرسىتەلەيدۇ، خۇرسەن بولالايدۇ، ئادىللىق قىلالايدۇ، ياخشىلىق قىلالايدۇ، مېھرىبانلىق قىلالايدۇ؛ يەنە چەكلىك ھالدا «يارىتالايدۇ»، يەنى «ئىجاد قىلالايدۇ»، ۋە ئىجاد قىلغان نەرسىلىرىدىن بىرخىل خۇرسەنلىك ئالالايدۇ. مۇشۇ جەھەتلەردە ئادەم ئەسلى «خۇدانىڭ سۈرىتىدە» ئىدى. گۇناھنىڭ سەۋەبىدىن ئەسلىدىكى چىرايلىق، مۇكەممەل بۇ سۈرەت بۇرمىلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىز ھازىر «ئادەم خۇدانىڭ سۈرىتىدۇر» دېسەك، بۇ بىر تەرەپتىن توغرا، چۈنكى بۇ سۈرەتنىڭ بەزى ئىزنالىرى تېخى مەۋجۇت -

بىز بەزىدە ئۆزئارا مېھرىبانلىق قىلىمىز، بەزىدە ئۆزئارا ياخشىلىق قىلىمىز، بىراق بۇ دائىملىق ئەمەس. گەرچە «خۇدانىڭ سۈرىتى» مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇ ئەسلىدىكى چىرايلىقلىقىنى يوقىتىپ، بەك سەتلىشىپ كەتكەن. مەلۇم بىر دوستىمىزنىڭ ئەسلى ئوبدان تارتىلغان سۈرىتى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەلۇم سەۋەبلەرنىڭ تەسىرىدىن تۇتۇقلىشىپ، سەتلىشىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، بىز يەنىلا دوستۇمىزنىڭ سۈرىتىنى تونۇۋالالايمىز. شۇڭا ھازىر «ئادەم»نى خۇدانىڭ «بەك سەتلىشىپ كەتكەن سۈرىتى» دېگىلىمۇ بولىدۇ.

مەسىھ ئەيسانىڭ مۇكەممەل ئادەم بولغانلىقىغا ئىشىنىمىز. باشقىچە ئېيتقاندا، «مۇكەممەل ئادەم» دېگەن، «خۇدانىڭ مۇكەممەل سۈرىتى» دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا، ئۇ مۇنداق دېگەن: ـ «مېنى كۆرگەن كىشى خۇدا-ئاتامنى كۆرگەن بولىدۇ» (ئىنجىل، «يۇھاننا»، 14-باب، 9-ئايەت).

ئەيسا مەسىھ بۇ دۇنيادا بىردىنبىر «خۇدانىڭ ھەقىقىي سۈرىتى» بولغان ئادەم. خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلماقچى بولغان «قۇتقۇزۇشى»نىڭ جەريانى، بىزنى ئۆزىنىڭ سۈرىتىدىكى ئەسلىدىكى چىرايلىقلىقىغا كەلتۈرۈشىنى، خاراكتېرىمىزنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشقا ئۆزگەرتىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەھىپە چەكلىمىسى بولمىغىنىدا بۇ توغرىسىدا كۆپرەك توختالغان بولاتتۇق. خۇدا بۇيرۇسا كېيىن باشقا كىتابچىدە يەنە سۆزلەيمىز.

«خۇدانىڭ سۈرىتى» يەنە ئىنسانلارنىڭ «ئاتا-ئوغۇللۇق» مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇدا ئادەملەرگە ۋە ھايۋانلارغا تۇغۇلۇش يولى بىلەن، نەسىل قالدۇرۇشتىكى قابىلىيەتنى ئاتا قىلغان. خۇدا بۇ تۇغۇلۇش ياكى نەسىل قالدۇرۇش يولىنى بېكىتىشىنىڭ ئورنىدا، ئۇ خالىغان بولسا بارلىق يېڭى مەخلۇقاتنى دەۋردىن-دەۋرگە يېڭىباشتىن، يەنى يوقتىن يارىتالايتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇ شۇنداق

قىلىشنى تاللىمىغان. روسۇل پاۋلۇس بۇ توغرىسىدا ئىنجىلدىكى «ئەفەسۇسلۇقلارغا»، 3-باب 14-ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق ئاتىلىق مۇناسىۋەتلەر ئۇنىڭدىن (خۇدادىن) «ئاتا» نامىنى ئالىدۇ». مۇشۇنداق دېيىلگىنى بىلەن، خۇدادا بولغان بۇ «ئاتا-ئوغۇل»لۇق مۇناسىۋەت بىزنىڭ ئاتا-ئوغۇللۇق مۇناسىۋىتىمىزدەك ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق «ئاتا-ئوغۇللۇق» مۇناسىۋىتىمىز بولسا خۇدانىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى بىلەن ئەزەلدىن بولغان ئەرشتىكى مۇناسىۋىتىنىڭ بىر خۇنۇك ئەكسىدۇر. يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق بىر ئاتا-ئوغۇللۇق مۇناسىۋەتنىڭ ئەھمىيىتى، ئەنە شۇ ئەزەلدىن بۇرۇن بولغان ئەرشتىكى ئاتا-ئوغۇللۇق مۇناسىۋىتىدىن كېلىپ چىققاندۇر. بۇ ئىشلاردا، نۇرغۇن چوڭقۇر سىرلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ.

بىز يەنە تەۋراتنىڭ «يارىتىلىش» قىسمىدىكى سۆزلەرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى: -

«شۇنداق قىلىپ، خۇدا ئىنسانني ئۆز ئوبراز-سۈرىتىدە ياراتتى؛
ئۇنى ئۆزىنىڭ سۈرىتىدە ياراتتى؛
ئۇلارنى ئەركەك-چىشى قىلىپ ياراتتى».

بۇنىڭدىن قارىغاندا، «خۇدانىڭ سۈرىتى» پەقەت «ئەر»دە تولۇق ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى «ئەر-ئايال»دىلا تولۇق ئىپادىلەنگەن. ئىنجىلدىن «خۇدا ئۆزى مېھرى-مۇھەببەتتۇر» دېگەننى ئوقۇيمىز. مۇشۇنداق بولغىنىدا، بىر جۈپ ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا (خۇدانىڭ خالىغىنىدەك) ساپ دىللىق، ھەقىقىي، چوڭقۇر مۇھەببەت مەۋجۇت بولسا، بۇ مۇھەببەت خۇدانىڭ ئۆزىدە بولغان مۇھەببەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇمۇ بىر كۆز يەتمەيدىغان چوڭقۇر سىردۇر. يەنىلا شۇ سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ توغرۇلۇق مۇشۇنچىلىكلا سۆزلەشكە توغرا كەلدى. خۇدا بۇيرۇسا كېيىنكى يەنە بىر كىتابچىدە سۆزلىمەكچىمىز.

يۇقىرى دېگىنىمىزدەك، مەسىھنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنەلمەيمىز، چۈنكى بۇ ئىش ئىنساننىڭ بىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. بىراق مەسىھ ئەيسانىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىنساندىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، «خۇدانىڭ ئوغلى» دەپ ئاتالغىنىدەك، ئۇنىڭ يەنە ھەقىقىي ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن (بولۇپمۇ خۇدا ۋە ئۆزىنىڭ تەرىپىدىن) «ئىنسانئوغلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سىز ئىنجىلنى ئوقۇغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن مۇشۇ ئىسىمنى ئىشلىتىشكە بەك ئامراق ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيسىز.

دانىيال پەيغەمبەر مەسىھ ئەيسانىڭ كەلگۈسى پادىشاھلىقىدىن بېشارەت بەرگىنىدە، ئۇنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن مۇشۇ «ئىنسانئوغلى» دېگەن نامنى ئىشلەتتى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 540-يىلىدىكى بۇ بېشارەتتە، مەسىھنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم خۇدا ھەم ئىنسان ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ: ــ

«كېچىدىكى غايىبانە كۆرۈنۈشلەردە مانا، مەن گويا ئىنسان ئوغلىغا ئوخشاش بىر زاتنىڭ ئاسماندىكى بۇلۇتلار بىلەن كەلگىنىنى كۆردۈم. ئۇ «ئەزەلدىن بار بولغۇچى»نىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىندى. ھەر ئەل-يۇرت، ھەر تائىپە، ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغانلار ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولسۇن دەپ، سەلتەنەت، شۆھرەت ۋە پادىشاھلىق ھوقۇقى ئۇنىڭغا بېرىلدى. ئۇنىڭ سەلتەنىتى مەڭگۈ سولاشماس سەلتەنەتتۇر، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى مەڭگۈ ھالاك قىلىنماس».

(تەۋرات، «دانىيال»، 7-باب، 13-14-ئايەت)

روسۇل پاۋلۇس مەسىھ توغرۇلۇق يەنە مۇنداق دەيدۇ:

-

«ھەممىيلەن ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇكى، ئىخلاسمەنلىكنىڭ سىرى بۈيۈكتۇر: ــ

«ئۆزى ئىنسان تېنىدە ئايان بولدى،

روھ (خۇدانىڭ روھى) ئۇنىڭ ھەققانىيلىقىنى ئىسپاتلىدى،
پەرىشتىلەرگە ئۇ كۆرۈندى،
ئۇنىڭ خەۋىرى پۈتكۈل ئەللەرگە جاكارلاندى،
جاھاندا ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈلدى،
ئۇ شان-شەرەپ ئىچىدە ئەرشكە كۆتۈرۈلدى»»
(ئىنجىل، «تىموتىيغا (1)»، 3-باب، 16-ئايەت)

روسۇل يۇھاننا مەسىھ توغرۇلۇق يەنە مۇنداق دەيدۇ:

-

«ئەزەلدىن بار بولغۇچى، ئۆزىمىز ئاڭلىغان، ئۆز كۆزلىرىمىز تىكىلىپ قارىغان ۋە قوللىرىمىز بىلەن تۇتۇپ سىلىغان ھاياتلىق كالامى توغرىسىدا سىلەرگە بايان قىلىمىز (بۇ ھاياتلىق بىزگە ئايان بولۇپ، بىز ئۇنى كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق بېرىمىز ھەمدە ئاتا بىلەن بىللە بولۇپ، كېيىن بىزگە ئايان بولغان شۇ مەڭگۈلۈك ھاياتنى سىلەرگە بايان قىلىمىز)

ـ سىلەرنىمۇ بىز بىلەن سىرداش-ھەمدەملىكتە بولسۇن دەپ بىز كۆرگەنلىرىمىزنى ۋە ئاڭلىغانلىرىمىزنى سىلەرگە بايان قىلىمىز. بىزنىڭ سىرداش-ھەمدەملىكىمىز ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا مەسىھ بىلەندۇر. سىلەرنىڭ خۇشاللىقىڭلار تولۇپ تاشسۇن دەپ، بۇلارنى

سىلەرگە يېزىۋاتىمىز» (ئىنجىل، «يۇھاننا 1-مەكتۇپ»، 1-باب).

پەيغەمبەرلەرنىڭ گۇناھلىرى، تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىللاردا بىر-بىرلەپ تىلغا ئېلىنغان. شۇنداقلا قۇرئاندىمۇ تىلغا ئېلىنىپ، بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ چىرىكلىشىپ كەتكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئەمما بۇ كىتابلارنىڭ ھېچقايسىسى، مەسىھ ئەيسانىڭ ھېچقانداق گۇناھىنى تىلغا ئالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ باشقا ھەرقانداق ئىنساندىن ئۈستۈن تۇرغانلىقىغا، ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكى، ساپلىقى، مۇتلەق گۇناھسىزلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. تۆۋەندىكى بايانلىرىمىزدىن كۆرەلەيسىزكى، مۇشۇ تەرەپتىن ئۇنىڭ ئادەملەر ئارىسىدا تەڭدىشى يوقتۇر.

ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر ياكى روسۇل، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىزمۇ ئۆزىنى خاتالىقتىن خالىيمەن، دېيىشكە پېتىنالمىغان. مەسىھ ئەيسانىڭ ھەم ئىنسانلىقى ھەم خۇدالىقى بار بولغاچقا، بارلىق پەيغەمبەر ۋە روسۇللاردىن ئۈستۈن تۇرۇپ، دادىللىق بىلەن دۈشمەنلىرىدىن: - «قايسىڭلار مېنى گۇناھى بار دەپ دەلىللىيەلەيسىلەر، قېنى؟ ھەقىقەتنى سۆزلىسەم، نېمە ئۈچۈن ماڭا ئىشەنمەيسىلەر؟»

دەپ سورىيالىغان (ئىنجىل، «يۇھاننا» 8-باب، 46-ئايەت).

ئۇ يەنە مۇخلىسلىرىغا: ـ «مۇندىن كېيىن سىلەر بىلەن كۆپ سۆزلەشمەيمەن؛ چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى (شەيتان) كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ ۋە مەندىن كىرگۈدەك ھېچ يوچۇق تاپالمايدۇ» ـ دېدى (ئىنجىل، «يۇھاننا» 14-باب، 30-ئايەت).

مەسىھنىڭ خاتاسىزلىقىغا ۋە گۇناھسىزلىقىغا، مۇقەددەس كىتابتا بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئايەتلەر بار. ئۇنىڭغا يېقىن بولغان كىشىلەر بولسۇن، دۈشمەنلىرى بولسۇن، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن ھېچقانداق ئەيىب تاپالمىغان.

رىملىق ۋالىي پىلاتۇس يەھۇدىي رەھبەرلەرنىڭ ئەيسا ئۈستىدىن چىقارغان ئەرزلىرىنى تەكشۈرگىنىدە، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئەيىب تاپالمىغانلىقىنى ئېلان قىلغان: ـ

«پىلاتۇس ئۇنىڭدىن:
- «ھەقىقەت» دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىدى.
پىلاتۇس مۇشۇلارنى دەپ، يەنە تاشقىرىغا، يەھۇدىيلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلارغا:

- مەن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق جىنايەت تاپالمىدىم، ــ دېدى».
(ئىنجىل، «يۇھاننا» 18-باب، 38-ئايەت)

«پىلاتۇس بولسا يەنە ئوردىسىدىن چىقىپ، خالايىققا:
- مانا! ئۇنىڭدىن ھېچقانداق جىنايەت تاپالمىغانلىقىمنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنى سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ئېلىپ چىقتىم، ــ دېدى.
بۇنىڭ بىلەن ئەيسا بېشىغا تىكەنلىك تاج ۋە ئۇچىسىغا سۆسۈن تون كىيگۈزۈلگەن ھالدا تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىلدى. پىلاتۇس ئۇلارغا:
- قاراڭلار، ئۇ ئادەمگە! ــ دېدى.
باش كاھىنلار ۋە قاراۋۇللار ئۇنى كۆرۈپ:
- ئۇنى كرېستلەڭ، كرېستلەڭ! ــ دەپ ۋارقىراشتى.
پىلاتۇس ئۇلارغا: ــ ئۇنى ئېلىپ بېرىپ ئۆزۈڭلار كرېستلەڭلار! چۈنكى مەن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق جىنايەت تاپالمىدىم! ــ دېدى».
(ئىنجىل، «يۇھاننا» 19-باب، 4، 6-ئايەت).

پىلاتۇسنىڭ ئايالى (گەرچە ئېتىقادسىز بولسىمۇ) مۇشۇ سوت جەريانىدا يولدىشىغا: ــ «ئۇ ھەققانىي

كىشىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىغىن. چۈنكى تۈنۈگۈن كېچە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن چۈشۈمدە كۆپ ئازاب چەكتىم!» دېگەن سۆزنى يەتكۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن پىلاتۇس يەھۇدىي رەھبەرلەرنىڭ ئالدىدا شۇنداق قىلغان: ـ

«پىلاتۇس سۇ ئېلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قولىنى يۇغاچ: ـ «بۇ ھەققانىي ئادەمنىڭ قېنىغا

مەن جاۋابكار ئەمەسمەن، بۇنىڭغا سىلەر ئۆزۈڭلار مەسئۇل بولۇڭلار!» ـ دېدى. پۈتۈن خەلق

جاۋابەن بىر ئېغىزدىن: «ئۇنىڭ قېنى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ۋە بالىلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە چۈشسۇن! ـ دېيىشتى» (ئىنجىل «ماتتا»، 27-باب، 19 ۋە 24-ئايەت).

شۇنىڭ بىلەن مەسىھ ئەيسا مىخلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى.

مەسىھنىڭ پۈتۈن ھاياتى، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەللىرى ئۆزىنىڭ مۇتلەق پۈتۈن پەزىلەتلىك، ساپلىق، قۇسۇرسىزلىق ۋە خاتالىقتىن خالىي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

پۈتۈنلەي ساپ، گۇناھسىز قۇتقۇزغۇچى-مەسىھلا گۇناھقا چۆمگەن ئىنسانلارغا، جۈملىدىن پەيغەمبەر ۋە روسۇللارغا نىجات يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇسۇرسىز،

مۇكەممەل، گۇناھلارنى يۇيىدىغان قۇربانلىق سۈپىتىدە خۇداغا ئاتىيالىغان.

## 6-مۇزاكىرە

## قۇرئاندا، مەسىھنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈنلۈكى توغرىسىدا يېزىلغانلىرى

پەيغەمبەرلەرگە، روسۇللارغا تۈرلۈك ئۇنۋانلار بېرىلگەن ۋە ئۇلار نۇرغان ئۇلۇغ ئىشلارغا قاتناشقان؛ بىراق مەسىھ ئەيسا ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۈستۈن تۇرغان. ئەمدى قۇرئاننىڭ بۇ تېما توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

1. مەسىھنىڭ «خۇدانىڭ كالامى» (سۆزى) ۋە «خۇدانىڭ روھى» ئىكەنلىكىنى سۈرە «نىسا» 171-ئايەتتىن كۆرىمىز:

«مەسىھ ئەيسا - مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت ئاللانىڭ روسۇلىدۇر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئاللانىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)، مەريەمگە ئاللانىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، ئاللانىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)، ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر»

سىز بۇ يەردە ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك. بىرىنچىسى، مۇھەممەد سالىھنىڭ تەرجىمىسىدە تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلىرى (.....) ئەسلى تېكىستتە يوق، ئۇ ئۇلارنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە قوشۇپ قويغان. مۇھەممەد سالىھنىڭ مۇشۇ يەردىكى «خۇدانىڭ كەلىمىسى»نى چۈشەندۈرمەكچى بولغان «ئاللانىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر» دېگەن سۆزلىرى توغرۇلۇق بىز ئالدىنقى مۇزاكىرىمىزدە ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن. خۇدانىڭ بىر «كەلىمىسى» ياكى «كالامى»نى ھەرگىزمۇ يارىتىلغان نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. چۈشەندۈرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، يارىتىشتىكى ۋاستىتە («كەلىمە»، «كالام») بەربىر ۋاستىدۇر، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆزى ئارقىلىق يارىتىلغان بىر نەرسە بولالمايدۇ.

ئىككىنچىسى، «ئاللا (تەرىپى)دىن كەلگەن بىر روھتۇر» روھ بولغاندا يەنە خۇدالىق تەبىئىتىدىن بولۇشى كېرەك.

سۈرە «ئال-ئىمران»، 45-ئايەت: - «ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللا ساڭا (ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز) ئاللانىڭ بىر كەلىمىسى (كالام-سۆزى) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئەيسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرويلۇق ۋە ئاللاغا يېقىنلاردىن بولىدۇ»».

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، قۇرئاندا، مەسىھ ئەيسادىن باشقا، بىرەر پەيغەمبەر ياكى بىرەر ئادەمنى «خۇدانىڭ كەلىمىسى» ياكى «خۇدادىن كەلگەن روھ» دېيىلگەن يەرلەر بارمۇ؟

خۇدا بەزى ئادەملەرنى «روسۇللار»، بەزىلىرىنى «پەيغەمبەرلەر»، بەزىلىرىنى «ئاگاھلاندۇرغۇچىلار»، بەزىلىرىنى يەنە «جاكارلىغۇچىلار» قىلغان. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى «خۇدانىڭ كالامى» ۋە «روھى»دىن تۆۋەن تۇرىدۇ. شۇڭا مەسىھ شۈبھىسىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۇلۇغ تۇرىدۇ، «روھ» بولسا «روسۇل»دىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، چۈنكى «روھ» خۇدانىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

ئال-رازى، ئال-جالالايىن ۋە باشقا ئۆلىمالار «خۇدانىڭ كالامى» دېگەننى، «مەسىھ ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، بىرلا سۆز بىلەن تۇغۇلغان» - دەپ چۈشەندۈرگەن. لېكىن شۇنداق بولغىنىدا، بىرلا ئېغىز

بۇيرۇق سۆزى بىلەن يارىتىلغان ئادەمئاتىمىزنىڭمۇ «خۇدانىڭ كالامى» ۋە «خۇدادىن كەلگەن روھ» دېگەن ناملىرى بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟

مەسىھنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە خۇدالىقىنى كۆرسەتكەن ياكى نېمىلا بولمىسۇن پۈرىتىپ ئۆتكەن «كالام» ۋە «روھ» دېگەن بۇ بايانلار، ئۇقۇمۇشلۇق بىر مۇسۇلماننىڭ ئاشۇ ئايەتلەردىن ئۇلارنىڭ مەنىسىنى ئوبدان ئىزدىشىنى ئۈندەيدۇ ئەمەسمۇ؟

2. مەسىھ يارىتالايدۇ. بۇنى سۈرە «ئال-ئىمران»، 49-ئايەتتىن كۆرىمىز: -

«ئۇ (ئەيسا) دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، سىلەرگە مەن رەببىڭلار تەرىپىدىن بولغان بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم، مەن سىلەرگە لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن-دە، ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇ قۇش بولىدۇ»»

خۇدا ئۆزى ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ سېخىلىك، ئادىللىق، رەھىم-شەپقەت ۋە خەير-ساخاۋەتلەردە ئۆزى بىلەن ئورتاق بولۇشىغا يول قويغان. ئۇ يەنە پەيغەمبەرلىرىگە مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان ۋە كەلگۈسى يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئالدىن ئېيتالايدىغان قابىلىيەتنى ئاتا قىلغان. بۇ مۆجىزىلەر ئىنسانلارنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، پەيغەمبەرلەر يەتكۈزگەن ئەرشتىكى خەۋەرنى تەستىقلاش ئۈچۈن

بىرىلگەندۇر. ھالبۇكى، خۇدا ئۆزىنىڭ بەزى ئىشلىرىنى ۋە سۈپەتلىرىنى باشقىلار بىلەن نە ئورتاق قىلغان ئەمەس نە ئورتاق قىلمايدۇ.

بىرىنچى، خۇدا بىرلا ۋاقىتتا ھەر يەردە ھازىردۇر. بۇ «ھازىر بولۇش» چەكسىزدۇر؛ ئۇ ئىنسان سېزىمى يەتمەيدىغان دەرىجىدىكى ھازىردۇر. شۇڭا ھەممە ئىش ئۇنىڭ قولىدا، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا دۇنيادىكى بارلىق جان ئىگىلىرىنىڭ تىلەكلىرىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئاڭلىيالايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرى، جۈملىدىن پادىشاھلار ياكى پەيغەمبەرلىرى ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا ھەر يەردە ھازىر بولالمايدۇ؛ شۇنداق بولالىغان بولسا، ئۇلارمۇ خۇدا بولغان بولاتتى.

ئىككىنچى، «ھەممىگە قادىر» خۇدانىڭ «ئەينى» بولسا، خۇداغىلا خاس بولغان قابىلىيەتنىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭدىكى بۇ قابىلىيەت باشقىلارغا يەتكۈزۈلگەن ئەمەس. پەيغەمبەرلەر كارامەت ئىشلارنى قىلغان، ئاجايىب مۆجىزىلەرنى ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ قابىلىيەتلىرى خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئارقىلىق كەلگەن بولۇپ، «ئەينى قابىلىيەت» ئەمەستۇر.

ئۈچىنچى، خۇدا جان-جانىۋارلارنى يارىتالايدۇ. ھەممىدىن قادىر خۇدا پەيغەمبەرلەر ۋە روسۇللارغا ئىنسانىنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈش، گاچىنى سۆزلىتىش،

قارغۇنى كۆرگۈزۈش، ھەرخىل كېسەللىكنى ساقايتىش ۋە ۋەقەلەرنى ئالدىن ئېيتىش قابىلىيىتىنى بەرگەن. لېكىن مەسىھ ئەيسادىن باشقا، ھېچقانداق بىرسىگە يارىتىش ۋە ياكى روھ بېرىش قابىلىيىتىنى ئەزەلدىن بەرگەن ئەمەس. نېمىشقا؟ چۈنكى مەسىھ چوقۇم ئاللاھىدە بىر ئورۇندا تۇرغان. يۇقىرىقى ئايەت: ـ «(ئۇ) قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن-دە، ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇ قۇش بولىدۇ». قۇرئاندا ئەيسادىن باشقا بىرەرسىنىڭ مۆشۈنداق ئىش قىلىپ باققانلىقى دېيىلگىنى يوق. يۇقىرىقى ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەسىھ ئەيسا خۇدانىڭ ئەسلىدە ئادەمنى تۇپراقتىن ياساپ، ئىچىگە ھايات پۈۋلىگىنىگە ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن بىر قۇشنى ياراتقان.

3. مەسىھنىڭ مۆجىزىلىك تۇغۇلۇشى: ـ

سۈرە «نىسا»، 171-ئايەت: «مەسىھ ئەيسا ـ مەريەمنىڭ ئوغلى، پەقەت ئاللانىڭ روسۇلىدۇر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئاللانىڭ ئوغلى ئەمەستۇر)، مەريەمگە ئاللانىڭ ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر (يەنى ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز، ئاللانىڭ «ۋۇجۇدقا كەل» دېگەن سۆزىدىن يارىتىلغاندۇر)، ئاللا تەرىپىدىن كەلگەن بىر روھتۇر».

مەسىھ ئەيسا «ئاتىنىڭ ۋاستىسىز»، مۇقەددەس روھنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۇغۇلغان. ئادەمئاتىمىزنىڭمۇ ئاتىسى يوق، بۇ چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئادەم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. لېكىن مەسىھ تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ئاتا بولالايدىغان نۇرغۇن ئەرلەر بار ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇ سەۋەبتىن «ئاتىسىز» تۇغۇلۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنداقتا، نېمىشقا «ئاتىنىڭ ۋاستىسىز» تۇغۇلغان؟

سۈرە «ئەنبىيە» 91-ئايەت: ـ

«نومۇسىنى ساقلىغان ئايالنىڭ (يەنى مەريەمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۇنىڭغا (يەنى كىيىمىنىڭ ئىچىگە) بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (پۈۋلىگەن روھ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇ ئەيساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇنى ۋە ئوغلىنى (يەنى ئەيسا بىلەن مەريەمنى) ئەھلى جاھان ئۈچۈن (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان) دەلىلى قىلدۇق».

سۈرە «مەريەم» 21-ئايەت: ـ

«جەبرىئىل ئېيتتى: «ئەمەلىيەت سەن دېگەندەكتۇر، (لېكىن پەرۋەردىگارىڭ ئېيتتى: «ئۇ ماڭا

ئاساندۇر. ئۇنى كىشىلەرگە قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان») دەلىل ۋە بىز تەرەپتىن بولغان مەرھەمەت قىلدۇق، بۇ تەقدىر قىلىنىپ بولغان ئىشتۇر»

مەسىھنىڭ ئاشۇنداق كارامەت تۇغۇلۇشى ئۇقۇمۇشلۇق بىر مۇسۇلماننى چوڭقۇر ئويلاندۇرمامدۇ؟ بۇ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ تەڭداشسىزلىقىنى ئىسپاتلىمامدۇ؟

ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز تۇغۇلۇشى، ئىنجىلنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئۇنىڭ ئادەمئاتىمىزنىڭ گۇناھلىق تەبىئىتىگە ۋارىس بولماي، بەلكى گۇناھسىز پاك تەبىئەتلىك بولۇشى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاخىردا ھەربىر ئىنساننىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزىنى پاك، گۇناھسىز قۇربانلىق سۈپىتىدە خۇداغا ئاتىيالىغان.

4. مەسىھنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادىكى ئۈستۈنلۈكى: -

سۈرە «ئال-ئىمران»، 45-ئايەت: - «ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! ئاللا ساڭا (ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز) ئاللانىڭ بىر كەلىمىسى (كالام-سۆزى) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئەيسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرويلۇق ۋە ئاللاغا يېقىنلاردىن بولىدۇ»»

ئال-كاشاف ئۆلىما بۇ توغرىدا مۇنداق دېگەن: -

««ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرويلۇق» دېگەنلىرى (مەسىھنىڭ) بۇ دۇنيادا پەيغەمبەرلىكى، ئادەملەردىن ئۇستۇنلىكى ۋە جەننەتتىمۇ باشقىلار ئۇچۈن دۇئا قىلىشتا بەك ئالىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ». ئال-رازى ۋە جالال-ئەد-دىن ئال-سايۇتى بۇ ئايەتكە ئوخشاش ئىزاھات بەرگەن.

مۇسامۇ «ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئابرويلۇق» تەسۋىرلەنگەن: -

«ئاللا مۇسانى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن (يەنى تۆھمەتلىرىدىن) ئاقلىدى، مۇسا ئاللانىڭ دەرگاھىدا ئابرويلۇق ئىدى» (سۈرە «ئەھزاب»، 69-ئايەت).

ئۆلىما ئال-رازى مۇسانىڭ بۇ ئابرويلۇقىنى، بىلىمى جەھەتتىن ئېيتقان. ئال-رازى يەنە مۇنداق دېگەن: «ھەربىر «نوپۇزى بار ئادەم»نىڭ «ئابرويلۇق» بولىدىغانلىقى ناتايىن. چۈنكى جەننەتتىكى ئادەم ھەرخىل سەپلەر ۋە قاتارلاردا تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈرە «ۋاقىئە»، 7-11-ئايەتتە دېيىلگەندەك: «سىلەر (قىيامەتتە) ئۈچ پىرقىغە بۆلۈنىسىلەر... (ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار... (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر. بۇلار نازۇنېمەتلەردە ئاللاغا يېقىن بولغۇچىلاردۇر»».

قۇرئاندا مەسىھ ئەيسادىن باشقا يەنە كىم، مەيلى پەيغەمبەر ياكى روسۇللار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرويلۇق» دېيىلگەن؟ ئويلاپ بېقىڭ، نېمە ئۈچۈن؟

5. قۇرئاندا مەسىھنىڭ ھېسابىغا گۇناھ قوشۇلىدىغان ھېچقانداق گەپ يوق (5-مۇزاكىرىمىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىقىڭ).

6. خۇدا مەسىھ ئەيسانى ئاسمانغا كۆتۈرگەن.
سۈرە «ئال ئىمران»، 55-ئايەت: ـ «ئۆز ۋاقتىدا ئاللا ئېيتتى: «ئى ئەيسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتۈرىمەن (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن) سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)...»

بىر يۇقىرىدا مۇشۇ ئايەتتىكى «مۇتاۋاففىيكا» («قەبزى روھ قىلىمەن»)نىڭ مەنىسى توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلدۇق، بۇ يەردە يەنە تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن «كۆتۈرىمەن» دېگەن بىر ئەھمىيەتلىك سۆزمۇ بار. شۇ ئايەت توغرىسىدا ئۆلىما ئال-رازى: ـ «مۇشۇ ئايەتتىكى «كۆتۈرىمەن»، خۇدانىڭ شان-شۆھرىتىنىڭ

سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش مەنىسىدە شۇ ئايەتتىكى ئەرەب تىلىدا «ماگا» دېگەن سۆز بولسا مەسىھنىڭ شان-شۆھرەتلىك قىلىنغانلىقى، ئۇلۇغلانغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. «پاك قىلىمەن» بولسا، «قۇتقۇزۇش» دېمەكچى» ـ دېگەن (شۇ ئايەتتىكى ئەرەب تىلىدا «ماگا» دېگەن سۆزنى مۇھەممەد سالىھ مۇشۇ يەردە «دەرگاھىمغا» دەپ تەرجىمە قىلغان).
«مۇتاۋاففىيكا» («قەبزى روھ قىلىمەن») توغرىسىدا ئۆلىما ئال-كاشاف: «مېنىڭ دەرگاھىمغا پەرىشتىلەرنىڭ ئورنىغا كۆتۈرىمەن» دېگەنلىكتۇر» ـ دېگەن.
شۇ شەرھچىلەرنىڭ دېگىنى بويىچە، قۇرئاندا مەسىھنىڭ «كۆتۈرۈلۈشى» ئۇنىڭ شان-شەرەپكە ئېرىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. نېمىشقا ئۇ باشقىلاردىن پەرقلىق دەرىجىدە ئاشۇنداق ئۇلۇغلانغان؟

ئىنجىلدا ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ ئۇلۇغلىنىشىدىكى سەۋەبنى بىزگە روشەن ئېيتىلىدۇ: ـ

«فىلىپپىلىقلارغا»، 2-باب، 6-11-ئايەت: ـ

«ئۇ خۇدانىڭ تىپ-شەكلىدە بولسىمۇ،
خۇدا بىلەن تەڭلىكنى ئۆزىگە ئولجا قىلىپ تۇتۇۋالمىدى؛
ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىدىن ھەممىنى قۇرۇقدىدى،

ئۆزىگە قۇلنىڭ شەكلىنى ئېلىپ،
ئىنسانلارنىڭ سىياقىغا كىرىپ، ئىنسانىي تەبىئىتىدىن ئورتاقداش بولۇپ،
ئۆزىنى تۆۋەن قىلىپ،
ھەتتا ئۆلۈمگىچە، يەنى كرېستتىكى ئۆلۈمگىچە ئىتائەتمەن بولدى؛
شۇڭا خۇدا ئۇنى ئىنتايىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلاندۇردى،
ئۇنىڭغا ھەربىر نامدىن ئۈستۈن بولغان نامنى بېغىشلىدىكى،
ئەيسانىڭ نامىغا ئاسمانلاردا، يەر يۈزىدە ھەم يەر ئاستىدا بارلىق تىزلار پۈكۈلۈپ،
خۇدائاتىغا شان-شەرەپ كەلتۈرۈپ ھەربىر تىل ئەيسا مەسىھنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ».

مانا مۇشۇ ئىشلار بىزنى ئىنچىكە تەكشۈرۈشكە، چوڭقۇر ئويلىنىشقا ئۈندىمەسمۇ؟

«چۈنكى خۇدانىڭ سۆز-كالامى جانلىقتۇر ۋە كۈچكە ئىگىدۇر، ھەتتا جان بىلەن روھنى، يىلىك بىلەن بوغۇملارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتەلىگۈدەك دەرىجىدە، ھەرقانداق قوش بىسلىق قىلىچتىن ئىتتىكتۇر، قەلبىدىكى ئوي-پىكىر ۋە ئارزۇ-نىيەتلەرنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم

چىقارغۇچىدۇر» (ئىنجىل، «ئىنجىل، «ئىبرانىيلارغا» 4-باب، 12-ئايەت).

## 7-مۇزاكىرە

### خۇدانىڭ «ئۈچىنىڭ بىرلىكى»، «ئۈچلۈك گەۋدە»، «ئۈچ بىر گەۋدە»لىكى

تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلغا ئاساسلانغان ئېتىقاد توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشكىنىمىزدە، خۇدادىكى «ئۈچىنىڭ بىرلىكى» توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتمىسەك، مۇزاكىرىمىز تولۇق بولمىغان مۇزاكىرە بولۇپ قالىدۇ.

ئاۋۋال بىز بىرنەچچە قېتىم نەقىل كەلتۈرگەن قۇرئاندىكى بىر ئايەتنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ ئۆتەيلى:

-

سۈرە «نىسا»، 169-ئايەت: - «ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، (ئاللا، ئەيسا، مەريەمدىن ئىبارەت) ئۈچتۇر دېمەڭلار، (خۇدا ئۈچ دەيدىغان ئېتىقادتىن) قايتىڭلار، (بۇ) سىلەرگە

پايدىلىنىقتۇر، ئاللا پەقەت بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا شان-شەرەپ بولسۇن!»

بۇ توغرۇلۇق توختىلىدىغان بىرىنچى نۇقتىمىز شۇكى، مۇھەممەد سالىھنىڭ بۇ تەرجىمىسى تەرجىمە قىلىنىش جەھەتتىن ئېيتقاندا سۈپەتلىك دەپ قارايمىز. ئۇ تەرجىمىسىدىكى بەزى يەرلىرىدە چۈشەندۈرۈش يولىدا بىرنەچچە سۆزلەرنى تىرناقلار ئىچىگە ئېلىپ (.....)، ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن. بۇنىڭغا ئومۇمەن تەنقىد بەرگۈمىز يوق. ئەمما مۇشۇ يەردە، ئۇ كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش بۇ «ئۈچ»نى «ئاللا، ئەيسا، مەريەمدىن ئىبارەت» دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ چۈشەندۈرۈش پۈتۈنلەي خاتا. جەزملەشتۈرىمەنكى، ھەتتا مەسىھنىڭ ئەڭ قايمۇقۇپ قالغان مۇخلىسىمۇ ھەرگىز ئەيسانىڭ ئانىسى مەريەمنى «خۇدا ئىكەن» دېمەيدۇ. بەزى مۇسۇلمانلار ئۆز ئەجدادلىرىغا ياكى «ئەنبىيالەرگە»، «ئەۋلىيالارغا» (مەسىلەن ئەلى، ھۈسەين ياكى ھەتتا مۇھەممەدكە) دۇئا-تىلاۋەت قىلغىنىدەك، بەزى كاتولىكلارمۇ خوراپىي ھالدا مەريەمگىمۇ دۇئا قىلىشىدۇ. مۇشۇنداق ئىشلار تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلغا مۇتلەق خىلاپتۇر. ئەپسۇسكى، ئەنە شۇ كاتولىكلار مەريەمنى «خۇدا» دەپ بىلمەيدۇ! ئەمەلىيەتتە، تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئاساسلانغان مۇشۇ «ئۈچنىڭ بىرلىكى» -

خۇدا (ئاتا)، رەب ئەيسا مەسىھ ۋە مۇقەددەس روھ (خۇدانىڭ روھى)دىن ئىبارەتتۇر.

ئىككىنچى نۇقتىمىز، بىز خۇدانى ھەرگىز «ئۈچ» دېمەيمىز. «خۇدا بىر» - بۇ بىزگە مۇتلەقتۇر. «ئۈچلۈك گەۋدە»، ئادەمئاتىنىڭ پەرزەنتلىرى بولغان بىزلەرنىڭ چۈشىنىش دائىرىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم بىر ئىشنى «چۈشىنىش تەس» دېيىش بىلەنلا، ئۇ ئىشنىڭ ئەسلى مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئاددىي تۇرمۇشلىرىمىزدا نۇرغۇنلىغان «چۈشىنىش تەس» بولغان ئىشلارمۇ بار، لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىدىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ. بۇلاردىن بىرنەچچە مىساللار ئالايلۇق: -

كالىلار ئۆت-چۆپ يېگەندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا سۈت ئىشلەپچىقىرىدۇ. مۇشۇ جەريانلاردىكى تەپسىلاتلارنى، ئالىملار ئىككى يۈز يىلدىن بېرى تەتقىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، «سۈت ئىشلەپ چىقىرىش»قا قارىتا تېخى يېشىپ چىقىلمىغان خېلى كۆپ سىرلار بار. گەرچە ئالىملارمۇ «سۈت ئىشلەپ چىقىرىش»نى «چۈشىنىش تەس» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز ھەممىمىز سۈتنىڭ ياخشى تەمىدىن ۋە مول ئوزۇقلۇقىدىن بەھرىمەن بولماقتىمىز ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن خۇداغا رەھمەت ئېيتماقتىمىز. مەلۇم بىرەيلەن «بۇ جەريانىنى پۈتۈنلەي ئېنىقلاپ چىقمىغۇچە، مەن سۈت ئىچمەيمەن» دېسە، باشقىلارنىڭ ئۇنى ناھايىتى

ئەخمەق دېيىشى تۇرغان گەپ. ۋە ياكى يەنە بىرەيلەن «تېلېفونىنىڭ ئاۋازىمىزنى قانداق قىلىپ يىراقلارغا يەتكۈزەلەيدىغانلىقىنى ماڭا ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بەرمىگۈچە، مەن ھەرگىز ئىشلەتمەيمەن» دېسە، بۇ ھەممىمىزگە ھەم بەك كۈلكىلىك ھەم ئەپسۇسلىنارلىق تۇيۇلىدۇ. ئەمما شۇنىڭغا ئوخشاش، «ئۈچلۈك گەۋدە» ياكى «ئۈچتە بىر»نى چۈشەنمىگۈچە ھەرگىز قوبۇل قىلمايمەن» دېيىلسە، بۇلارمۇ ئاسماندىكى پەرىشتىلەرگە كۈلكىلىك ھەم ئەپسۇسلىنارلىق، ھەم ئەخمەقلىك قىلغان بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

بەزى ئالىملار ئۆمۈر بويى پەقەت بىرخىل چۆپنىڭلا تەتقىقاتىغا بەند بولىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن: «نېمىشقا شۇنچە ئىشلەيسىز، بۇ بىر ئاددىي چۆپ تۇرسا؟!» دەپ سورىساق، ئۇلار: «ياق، بۇ ئاددىي چۆپتە ناھايىتى ئاجايىب، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان چوڭقۇر سىرلار بار. تەتقىق قىلغانسېرى بۇ سىرلار بىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر تۇيۇلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. بۇ خۇدا ياراتقان، يەردە ئۆسىدىغان كىچىككىنە بىر تال چۆپتە ئادەم چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان شۇنچىلىك كۆپ سىرلار بار تۇرسا، ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى خۇدانى كىممۇ تولۇق چۈشىنەلىسۇن؟

فىزىكىدىنمۇ بىر مىسال ئالايلۇق: ئالەمدىكى «ئاساسىي زەررىلەر» ئارىسىدىكى «ئېلېكترون»دىن ھەممىمىزنىڭ ئانچە-مۇنچە خەۋىرى بار. «توك»

مىلىيونلىغان ئېلېكترونلاردىن تەركىب تاپقان بىر ئېقىمدىن ئىبارەت. ئېلېكترونلار جىق ۋە ناھايىتى كىچىك بولغان بولسىمۇ (بىر يىڭنىنىڭ ئۇچىدىلا بەلكىم مىليون مىليونلار بار) ئۇنىڭدىمۇ نۇرغۇن سىرلار مەۋجۇت. ئېلېكترونلارنىڭ ھەرىكىتىدىن قارىغاندا، فىزىكلار ئۇلارنى بەزىدە «زەررىلىك» (كىچىك توپىتەك)، يەنە بەزى ئەھۋاللاردا «(بوشلۇقتىكى ئېلېكترو-ماگنېتلىق) دولقۇن خاراكتېرى»دە دەپ تەسۋىرلەيدۇ. فىزىكلاردىن: «بۇ زادى نېمە ئىش؟ بۇ لوگىكىغا ئۇيغۇن ئەمەس! ئۇلار زەررىمۇ، ياكى دولقۇنمۇ؟!» دەپ سورىساق، ئۇلار: «بىرلا ۋاقىتتا ھەم زەررە ھەم دولقۇن بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگىنىدە، بىز «چۈشەنمىدۇق» دېسەك، ئۇلارمۇ كۈلكە بىلەن «بىزمۇ چۈشەنمەيمىز» دېيىشى مۇمكىن. بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان ئىش بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر رەت قىلغۇسىز پاكىت. رېئاللىق بىزنىڭ خىيالىمىز ياكى تەسەۋۋۇرىمىزغا ياقمايدىغان بولسىمۇ، ئۇ بەرىبىر رېئاللىق. لېكىن مۇشۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز، بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئومۇمىيلاشقان ئاساسىي زەررىنىڭ ئاشۇنداق مۆرەككەپلىكى، يەنى «بىرلا ۋاقىتتا ھەم زەررە ھەم دولقۇن بولىدىغان» ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا «بىردە ئىككى» ھالىتى بار بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى خۇدانى ئىنجىلغا ئاساسەن بىرلا ۋاقىتتا «ئۈچلۈك گەۋدە» ياكى «ئۈچنىڭ بىرلىكى» دېسەك، ئۇنىڭغا ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟ بىرسى

«چۈشىنىش تەس» دەپ قاقشايدىغان بولسا، بۇنىڭ
نېمە ئەھمىيىتى؟ ھەقىقەت، ئادەمگە ياقمايدىغان
تەقدىردىمۇ، ئۇ بەرىبىر ھەقىقەت-تە، رېئاللىق دېگەن
رېئاللىق. «كۆنىنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ».

ئىسلامىيەت ھەدىسلىرىدە «خۇدانىڭ تەبىئىتىنى
تەكشۈرۈش ئىمانسىزلىق ھېسابلىنىدۇ» دېگەن سۆز
بار. بىز بۇنىڭغا قىسمەن قوشۇلىمىز. ئەگەر
تەكشۈرۈشنىڭ مەقسىتى، خۇداغا بولغان گۇمانلىرىنى
ئىسپاتلاش بولسا، بۇنداق «تەكشۈرۈش»
ئېتىقادسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر، خالاس. لېكىن
خۇدانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ
شان-شەرىپىنى ئوبدانراق تونۇۋېلىش ئۈچۈن بولسا،
تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلمۇ بۇنى قوللايدۇ.
«پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغلۇقى ـ ئۆزىنىڭ قىلغان
ئىشنى ئاشكارىلىمىغىنىدا؛ پادىشاھلارنىڭ
ئۇلۇغلۇقى ـ بىر ئىشنىڭ سىرىنى
يېشەلىگىنىدە» («پەند-نەسىھەتلەر» 25-باب، 2-
ئايەت) خۇدا نۇرغۇن ئىشلارنىڭ سىرلىرىنى،
ئېتىقادسىز ئادەملەردىن يوشۇرغان ۋە يوشۇرىدۇ. بۇنداق
ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئاشۇ ئىشلارنىڭ ئاجايىبلىقىنى
كۆرەلمەيدۇ. ئەمما «ئىشنىڭ سىرىنى يېشىدىغان
پادىشاھلار» بولسا، خۇدانىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ
ئەھمىيىتىنى ئىزدىگۈچى مۆمىن بەندىلەردۇر. بۇ
دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ بۇنداق كىشىلەرنى «ئەقىللىق
كىشى» دېيىشى ناتايىن، «نادان، قاتمال» دېيىشى

مۇمكىن. خۇدانىڭ سىرلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ياكى چۈشىنىش ئۈچۈن «ئەقىللىق بولۇش» شەرت ئەمەس؛ شەرت دېيىش توغرا كەلسە، ئۇ پەقەت كىچىك پېئىللىق، سەمىمىيلىك، خۇداغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭلا بۇ ئىشلاردا ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزدىنىشىگە، كىچىك پېئىللىق بىلەن ئويلىنىشىغا ۋە تەپەككۇر قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار خۇدانىڭ سىرلىرىنى كۆرەلەيدۇ ۋە كۆرگەندىن كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇر هالدا خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئىشەنچ ۋە ئېتىقادلا مۇشۇنداق سىرلارنى قوبۇل قىلالايدۇ، لېكىن مۇشۇ دۇنيادىكى «لوگىكا»غا چىڭ ئېسىلىۋالىدىغان ئېتىقادسىزلار هەرگىزمۇ ئۇلارنى چۈشىنەلمەيدۇ، هەتتا ئۇ دۇنيادىمۇ كۆرەلمەيدۇ.

پەقەت خۇدالا ئۆزىنى ئۆزى تولۇق چۈشىنىدۇ. لېكىن تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلغا ئاساسەن، بەزىلەر خۇدانىڭ «ئۈچىنىڭ بىرلىكى»، ياكى «ئۈچ بىر گەۋدە»لىكىنى زادى قانداق تەسۋىرلەش توغرىسىدا قاتتىق تىرىشىپ كەلگەن ۋە بىرنەچچە خىل شەكىلدە ئىپادىلىگەن. بۇ بايانلاردىن بىرىدە: «خۇدا بىر، ئۇنىڭدىن باشقا هېچقانداق خۇدا يوق. ئۇ هايات، هەقىقىي، مەڭگۈلۈك، ئۆز خاراكتېرىدا ئۆزگەرمەيدىغان، ئادىل، ئادالەتلىك، مۇهەببەتلىك، مېهرىبان، رەهىمدىل؛ ئۇ تەنسىز؛ ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى، ئاقىلانىلىقى، دانالىقى ۋە ياخشىلىقى چەكسىز. ئۇ

ئالەمدىكى مەيلى كۆرۈنىدىغان، مەيلى كۆرۈنمەيدىغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. بۇ بىر خۇدادا، ماھىيىتى ئوخشاش بولغان ئۈچ شەخس بار؛ ئۇلار ئاتا، ئوغۇل (كالام)، مۇقەددەس روھتۇر» دېيىلىدۇ.
بۇ سۆزلەر تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلغا ئاساسلانغان. ھالقىلىق مەسىلە شۇكى، مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل) خۇدادىن كەلگەنمۇ-ئەمەس؟ ئەگەر جاۋابىمىز «خۇدادىن كەلگەن» بولسا (ھەم بىز بۇنى ئىبتىراپ قىلىشىمىز كېرەك)، مەيلى بىزنىڭ پىكرىمىزگە ياقسۇن، ياقمىسۇن، ئۇنىڭدىكى ھەممە سۆزلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. بىز مۇقەددەس كىتابتىكى چۈشەنگەن يەرلىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، چۈشەنمىگەن يەرلىرىمىزنى قوبۇل قىلماي، ئۇنى تاشلىۋەتسەك قەتئىي بولمايدۇ. قۇرئاندىمۇ ئاشۇنداق قىلىقلار ئەيىبلەنگەن: -

«...سىلەر كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسمىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتىي دۇنيادا خورلۇققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللا قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر» (سۈرە «بەقەرە»، 85-ئايەت)

ئىنجىلدا خۇدا توغرىسىدا مۇنداق گەپلەر بار: ـ

«ئى سۆيۈملۈكلىرىم، بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتەيلى؛ چۈنكى مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئۆزى خۇدادىندۇر ۋە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتكۈچىنىڭ ھەربىرى خۇدادىن تۇغۇلغان بولىدۇ ۋە خۇدانى تونۇيدۇ. مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتمىگۈچى كىشى خۇدانى تونۇمىغان بولىدۇ؛ چۈنكى خۇدا ئۆزى مېھىر-مۇھەببەتتۇر. خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بىزدە شۇنىڭ بىلەن ئاشكارا بولدىكى، خۇدا بىزنى ئۇنىڭ ئارقىلىق ھاياتقا ئېرىشسۇن دەپ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنى دۇنياغا ئەۋەتتى. مېھىر-مۇھەببەت دەل شۇنىڭدىن ئايانكى، يەنى بىزلەرنىڭ خۇدانى سۆيگىنىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزى بىزنى سۆيۈپ گۇناھلىرىمىزنىڭ جازاسىنى كۆتۈرگۈچى كافارەت بولۇشقا ئۆز ئوغلىنى ئەۋەتكىنى بىلەن ئايانىدۇر.

ئى سۆيۈملۈكلىرىم، خۇدا بىزگە شۇ قەدەر مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتكەن يەردە، بىزمۇ بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىشكە قەرزداردۇرمىز. ھېچكىم ھېچقاچان خۇدانى كۆرگەن ئەمەس؛ لېكىن بىر-بىرىمىزگە مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتسەك، خۇدا بىزدە ياشايدۇ ۋە ئۇنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى بىزدە كامالەتكە

يەتكەن بولدۇ» (ئىنجىل، «يۇھاننا (1)»، 4-بابتىن).

بۇ ئەھمىيەتلىك سۆزلەر ئىچىدىن «خۇدا ئۆزى مېھرى-مۇھەببەتتۇر» دېگەننى ئوقۇپ ئۆتتۇق. خۇدا ئۆزى مېھرى-مۇھەببەت ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭدا چوقۇم مەلۇم بىرخىل مۇناسىۋەت بار دېگەن گەپ. ئەزەلدىن خۇدا دېگەن خۇدادۇر، خۇدا دېگەن مۇھەببەتتۇر. ئەگەر خۇدادا شۇنداق مۇناسىۋەت بولمىسا، مۇھەببەت نەدىن كېلىدۇ؟

بەزىدە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز، تەۋرات ۋە ئىنجىلدا يېزىلغان، خۇدانىڭ گەپ قىلغانلىقى، خۇدانىڭ ئاڭلايدىغانلىقى، خۇدانىڭ قولى بىلەن يازغانلىقى، خۇدانىڭ قايغۇرغانلىقى، خۇدانىڭ ئازابلانغانلىقى... قاتارلىقلارنى «ئىنسانغا قارىتىلىدىغان ئادەتتىكى سۆزلەر» دەپ قاراپ، ئۇلارنى ئېغىر ئالىدۇ ياكى ئۇلارغا گۇمانى قارايدۇ. ئەمما ئاشۇنداق پىكىردە بولغان ئادەملەر، قۇرئاندىمۇ مۇشۇ جەھەتلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك. تۆۋەندىكىسى قۇرئاندا يېزىلغان مۇشۇ جەھەتتىكى تەرمىلەر: -

«مۇسانىڭ قىسسىسىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا (بىر جايدا) ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە: «تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆردۈم، مەن (بېرىپ) ئۇنىڭدىن بىرەر پارچە

چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئوت بار يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن» ـ دېدى.
مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە نىدا قىلىندىكى، «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن، كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى (جىلغا) بولغان تۇۋادىسەن»
(سۈرە «تاھا»، 8-12-ئايەت)

(1) مۇھەممەت سالىھنىڭ ئىزاھاتى بويىچە «....بۇ ئوت ئەمەس، ئاللانىڭ نۇرى ئىدى».

«ئاللا ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ئاللانىڭ (مۆمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراغ قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراغ باردۇر، چىراغ شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر، چىراغ مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان...»
(سۈرە «نۇر»، 35-ئايەت)

«شۈبھىسىزكى، (ئى مۇھەممەد! ھۇدەيبىيەدە) ساڭا (رىزۋان) بەيئىتىنى قىلغانلار (ھەقىقەتتە) ئاللاغا

بەيئەت قىلغان بولىدۇ، ئاللاننىڭ قولى ئۇلارنىڭ قوللىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر...»
(سۈرە «فەتھ»، 10-ئايەت)

«ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۇيرۇغان جايغا ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ»» («مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۇيرۇغان جايغاھىجرەت قىلىمەن» دېگەن ئايەت ئەرەبچىدە «مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمغا ھىجرەت قىلىمەن» ئىدى).
(سۈرە «سافات»، 99-ئايەت).

«كىمكى ئاللا يولىدا ھىجرەت قىلىدىكەن،...»
(سۈرە «نىسا»، 101-ئايەت)
«(بەندىلەرنىڭ) ھەممە ئىش ئاللاغا قايتۇرۇلىدۇ».
(سۈرە «بەقەرە»، 206-ئايەت)

«ئاللا... ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى» (مۇشۇ يەردە «قارار» «تۇرالغۇ» ياكى «تەخت»نى بىلدۇرىدۇ).
(سۈرە «ئەئراف» 54-ئايەت)

(نۇرغۇن ئايەتلەرمۇ ئوخشاشلا «ئاللانىڭ تەختى»نى تىلغا ئالىدۇ ـ مەسىلەن يەنە سۈرە «بەقەرە»، 27-ئايەت).

«ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر» («جىنىڭلار ... ئاللاغا قايتۇرۇلىدۇ»)
(سۈرە «بەقەرە»، 28-ئايەت)

«ئۆز ۋاقتىدا ئاللا ئېيتتى: «ئى ئەيسا! مەن سېنى (ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا (ئەرەبچىدە «يېنىمغا») كۆتۈرىمەن (يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن) سېنى كاپىرلاردىن پاك قىلىمەن (يەنى سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان يامانلارنىڭ شەررىدىن ساقلايمەن)... »
(سۈرە «ئال ئىمران»، 55-ئايەت)

«ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىڭنىڭ زاتى مەڭگۈ قالىدۇ!» (مۇشۇ ئايەتتىكى «زاتى» «چىرايى»نى بىلدۈرىدۇ).
(سۈرە «رەھمان»، 27-ئايەت)

«ئاللانىڭ زاتىدىن باشقا بارلىق نەرسە يوقىلىدۇ!» (مۇشۇ ئايەتتىكى «زات» بولسا «چىراي»نى بىلدۈرىدۇ).
(سۈرە «قەسەس»، 88-ئايەت)

قۇرئاندىمۇ خۇدانىڭ مۇھەببىتى، غەزىپى، خۇرسەنلىكى، راھىتى قاتارلىق ھېسسىياتلىرىنىڭ بارلىقى يېزىلغان ئايەتلەر بار؛ شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەسرىتى ئىپادىلەنگەن ۋە مەلۇم ئادەملەرنى ئۇنتۇيدىغانلىقلىرى ھەققىدە يېزىلغان ئايەتلەرمۇ بار: -
«ئۇلارنىڭ (كاپىرلارنىڭ) بۈگۈنكى كۈنگە مۇلاقات بولۇشنى ئۇنتۇغانلىقلىرى ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش، بىز بۈگۈن ئۇلارنى ئۇنتۇيمىز»
(سۈرە «ئەئراف»، 51-ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنى سۆزمۇسۆز چۈشەنسەك، خۇدا يا ئوت ۋاستىسى بىلەن ئۆزىنى ئىپادىلىگەن يا ئوت ئىچىدە بولغان، دېيىشىمىز كېرەك. لېكىن «ئۇ ئوتمۇ ئەمەس، ئوت ئىچىدىمۇ ئەمەس، بۇ ئوت مۇسانىڭ بىر دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن بولغان» دېسىڭىز، نېمىشقا مۇساغا «كەشىڭنى سالغىن، سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى (جىلغا) بولغان تۇۋادىسەن» دېيىلگەن؟ مۇشۇ يەردە نېمىشقا «مۇقەددەس» دېيىلگەن؟

خۇدانىڭ بىر نۇر ئىكەنلىكىنى، ئاندىن «خۇددى چىراغ قويىدىغان تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا چىراغ باردۇر... » دېگەننى ئېتىراپ قىلغان ئىكەنسىز، ئۇنداقتا تەڭلىكتە قالغان بولمامسىز؟ بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى سۆزمۇسۆز چۈشەندۇرسەك، خۇدانىڭ جايى بار، چىرايى بار دېگەنلىكتۇر. شۇڭا تەۋرات، ئىنجىلنىڭ ئاشۇنداق ئىپادىلەشلىرىنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئېغىر ئالغۇچىلىكى يوق.

مۇسۇلمان ھەم مەسىھىيلەر ئۆز مۇقەددەس كىتابلىرىغىلا تايىنىپ، نۇرغۇن ئىشلارغا ئىشىنىدۇ. مەسىلەن، ھەربىر مۆمىن قىيامەت كۈنىدىكى تىرىلىشكە ئىشىنىدۇ؛ دېمەك، مەيلى دەپنە قىلىنغان بولسۇن ۋە ياكى بېلىقلار، ياۋايى ھايۋانلار تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغان بولسۇن، ئادەمئاتىمىزدىن تارتىپ دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىرقى ئادەمگىچە بولغان بارلىق جان ئىگىلىرى تىرىلدۇرۇلىدۇ. گەرچە ئادەملەرنىڭ تەنلىرى چىرىپ كەتكەن، تۇپراق، ئۆسۈملۈك ياكى باشقا خىل ماددىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، سوراقتا تارتىلىش ئۈچۈن بارلىق ئادەمنىڭ روھى، يېڭىباشتىن ئۆز تېنىگە كىرگۈزۈلۈشى بىلەن تىرىلىدۇ. لېكىن مەلۇم بىر ئېتىقادسىز ئادەم سىزدىن ياكى مەندىن: «بۇنىڭغا قانداق ئىسپات بار؟» دەپ سورىسا، سىز «قۇرئاندا شۇنداق دېگەن» دەيسىز، مەن بولسام «تەۋرات، ئىنجىل شۇنداق دېگەن» دەيمەن. ئەمەلىيەتتە مۇقەددەس كىتابتىن باشقا، ھېچقانداق نەرسە بۇنىڭغا ئىسپات

بىرەلمەيدۇ. قىيامەت كۈنىگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان «كۆزلىرىمىز ھازىر كۆرەلمەيدىغان» ئاشۇنداق ئىشلار بار. ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشى (تۇپراقتىن ياسالغان، مايمۇنلاردىن پەيدا بولغان ئەمەس) توغرىسىدا نۇرغۇن دەلىللەر مەۋجۇت بولسىمۇ، بىر مۆمىن ئۈچۈن مۇقەددەس كىتابنىڭ ئاشۇ ئىش توغرۇلۇق قىلغان سۆزلىرىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە.

مەلۇم بىرەيلەن «مۇقەددەس كىتابتىن سىرت، باشقا ئىسپات يوق» دەپ «خۇدانىڭ ئۈچىنىڭ بىرلىكى» دېگەن تەلىمىنى رەت قىلسا، ئۇنداقتا شۇ كىشى بىز ئىسپاتلىيالمايدىغان ھەممە ۋەھىيلەرنى، جۈملىدىن خۇدانىڭ ئۆزلىكىدىن بار بولغانلىقى، مەڭگۈلۈك تەبىئىتى، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ مەنبەسى بولغانلىقى، ھەممە يەردە بولىدىغانلىقى، ھەرقانداق ئىشنى (ئۆتكەنكى، ھازىرقى، كەلگۈسى) مۇكەممەل بىلىدىغانلىقىنى ـ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە باشقىلارنى ئوخشاشلا قەتئىي رەت قىلىدۇ. بۇلار رەت قىلىنسا، ئېتىقادنىڭ بارلىق مەسىلىكىدىن (ئەقىدىسىدىن) بىرمۇ ئاساسى قالمايتتى.

تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئاساسەن، بىز خۇدانى تېگى ۋە تەبىئىتى بىر، ئۈچ شەخسلىك دەپ چۈشىنىمىز. ئۇ، ئالەمدە ھەر جەھەتتىن تەڭدىشى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ياكى تېگىدە (ئادەمنىڭ چۈشىنىشىدىن ھالقىپ كەتكەن دەرىجىدە) ئاشۇنداق بولۇشى ئاجايىپ ئىش ئەمەس.

ھەربىر ئىشنىڭ ئۆز ماھايىتىگە خاس بولغان بىرخىل ئىسپاتى بار. تارىخچى ساھەلەردە چوقۇم تارىخىي ئىسپات بولۇشى كېرەك. «بۈيۈك ئالېكساندىر» (ئىسكەندەر)نىڭ مىسىر، سۈرىيە، پارس ۋە ھىندىستانغا يۈرگۈزگەن ئۇرۇشلىرىغا بولغان پاكىتلارنى تېپىش ئۈچۈن مەلۇم بىرەيلەن خىمىيە، گېئومېترىيە ياكى لوگىكا جەھەتتىن ئىسپات تاپماقچى بولسا، بۇ ھەربىر ئادەم ئۈچۈن بەك كۈلكىلىك تۇيۇلمامدۇ؟ چۈنكى بۇ ئۇرۇشلار باشقا ساھەگە ئەمەس، پەقەت تارىخ ساھەسىگىلا مەنسۇپ.
«بىر پۇتۇنلۇك ھەربىر بۆلىكىنىڭ بىرلەشتۇرۇلۇشىدىن زىيادە» دېگەن پەلسەپىلىك كۆزقاراشنى، خىمىيىلىك يول بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولامدۇ؟ بۇ پرىنسىپ ھەقىقەت بولسا، ھەربىر ئىشنىڭ ئۆز ماھىيىتىگە ماس كېلىدىغان ئىسپاتى بار بولۇشى كېرەك. روھقا ئائىت ئىشلار ياكى روھىي ماھىيەتكە ئىگە بولغان شەيئىلەر ۋەھىي قىلىنغان كىتابلار ئارقىلىق، ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەر ماتېماتىكا ئۇسۇللىرى ئارقىلىق (ئارىفمېتىكا، ئالگېبرا، گېئومېترىيە ئارقىلىق) ئىسپاتلىنىدىغان ياكى ئېنىقلىنىدىغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا روھىي مەسلەكلەرنى (ئەقىدىلەرنى) ئىلمىي ياكى لوگىكىلىق ئىسپاتلار ئارقىلىق ھەقىقەتلەندۇرۇش، ئادەمنى يىراق جايلارغا ئازدۇرۇۋېتىشى مۇمكىن.

بىز خرىستىئانلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ئاشۇ جەھەتتىن بەلكىم ئانچە

يىراق ئەمەستۇر. چۈنكى سىز: «خۇدا، كالامى ۋە روھى، بۇلار ئۈچ بولىدۇ» دەيسىز. مەن بولسام: «ئاتا، ئوغۇل، مۇقەددەس روھ بار» دەيمەن ـ سىز بولسىڭىز يەنە:

«ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئۈچتۇر دېمەڭلار: قايتىڭلار، (بۇ) سىلەرگە پايدىلىقتۇر، ئاللا پەقەت بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا شان-شەرەپ بولسۇن!» دەيسىز (سۈرە «نىسا»، 169-ئايەت). خۇدانىڭ بىر كالامغا ۋە بىر روھقا ئىگە ئىكەنلىكىگە، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كالامى ۋە روھى بىلەن بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. سىزنىڭچىمۇ خۇدانىڭ ئۆزىدىكىسىنىڭ ھەممىسى خۇدا بولىدۇ. شۇڭا خۇدانىڭ كالامى ـ خۇدانىڭ ئۆزلىكىدىن بار بولغانلىقى (ياراتىلمىغانلىقى)، چەكسىزلىكى، شۇنداقلا خۇدانىڭ ھەممە سۈپىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزى خۇدادۇر. خۇدانىڭ روھىمۇ خۇدادۇر ۋە ۋۇجۇدىدا ئەبەدىلئەبەدتىن ئەبەدىلئەبەدكىچە ئۇنىڭغا مەڭگۈ ھەمراھدۇر.

ئەمدى ھەممىدىن ئۈچ بىر گەۋدە بولغان ئۇلۇغ خۇدادىن، سىزگە مۇقەددەس روھىنى ئاتا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئاشكارلىغاي دەپ دۇئا قىلىمەن. دۇئايىم ئىجابەت بولسا، سىزنىڭ خۇدانىڭ ھەممە ئىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ سىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئىبادەت ۋە خىزمەت قىلىشىڭىزغا لايىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ

كەلگىنىڭىزدەك، بۇ ئاجايىب ھەقىقەتكىمۇ مۇتلەق ئىشىنىسىز.

## 8-مۇزاكىرە

## «ياردەمچى» ۋە مۇھەممەد

مۇسۇلمان ئۆلىما قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دېيىشىچە ئىسلامىيەتنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ بۇ پىكرى قۇرئاندا، سۈرە «سەپ»، 6-ئايەت: -

«ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسا: «ئى بەنى-ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاللا ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەت ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى»گە ئاساسەن ئېيتىلغان.

ئۇلار: ـ يۇنان تىلىدا يېزىلغان ئىنجىلدىكى «پاراكلېتوس» (ياكى «فاراكلېت») دېگەن سۆز مۇھەممەدكە قارىتىلغان. چۈنكى ئۇلارچە «فاراكلېت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ماختالغان» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «ئەھمەد» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش، ھەم «ئەھمەد» بىلەن مۇھەممەد ئوخشاش بىر ئادەمدۇر، دەپ قارايدۇ. گەرچە ئىنجىلدىكى يۇنان تىلىدىكى «پاراكلېتوس» توغرىسىدىكى ھازىرقى خاتىرىلەر مۇھەممەدنىڭ دەۋرىدىكى خاتىرىلەنگەنلەرگە ئوپمۇ ئوخشاش بولسىمۇ، يەنە بەزى ئادەملەر مۇنداق مەنىدىكى جۈملىنىڭ ئىنجىلدا يوقلۇقىدىن، «ئىنجىل ئۆزگەرتىلگەن» دەۋالىدۇ.

ئەمما قۇرئاندا «ئەھمەد» دېگەن مەنىدە چۈشەندۈرۈلگەن سۆز «پاراكلېتوس» دېگەن سۆز ئەمەس، بەلكى «پېرىكلۇتوس» دېگەن سۆزدۇر. «پاراكلېتوس» دېگەن سۆز «ياردەمچى» دېگەن مەنىدە، «پېرىكلۇتوس» بولسا، «داڭلىق، ماختالغان» دېگەن مەنىدە. مۇشۇ سۆزگە مۇناسىۋەتلىك ئايەت ئىنجىلدا ھازىرمۇ مەۋجۇت، شۇڭا ئۇ ئىنجىلنىڭ ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىگە ئىسپات بېرىپ تۇرماقتا. بىز ھازىر ئىنجىلدىكى «پاراكلېتوس»قا ئائىت ئايەتلەردە، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دېگىنىدەك «مۇھەممەد» دېگەننى كۆرسەتكەن مەنىسىنىڭ بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ باقايلى: ـ

«مەنمۇ ئاتىدىن تىلەيمەن ۋە ئۇ سىلەرگە باشقا بىر ياردەمچى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ سىلەر بىلەن ئەبەدگىچە بىرگە بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتنىڭ روھىدۇر. ئۇنى بۇ دۇنيادىكىلەر قوبۇل قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنى نە كۆرمەيدۇ، نە تونۇمايدۇ. بىراق سىلەر ئۇنى تونۇيسىلەر، چۈنكى ئۇ سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىدۇ ھەم سىلەردە ماكان قىلىدۇ» (ئىنجىل، «يۇھاننا» 14-باب، 16-17-ئايەت).

«لېكىن مەن سىلەرگە ئاتىنىڭ يېنىدىن ئەۋەتىدىغان ياردەمچى، يەنى ئاتىنىڭ يېنىدىن چىققۇچى ھەقىقەتنىڭ روھى كەلگەندە، ئۇ ماڭا گۇۋاھلىق بېرىدۇ» (ئىنجىل، «يۇھاننا» 15-باب، 26-ئايەت).

«ئەمما مەن سىلەرگە ھەقىقەتنى ئېيتىپ قويايكى، مېنىڭ كېتىشىم سىلەرگە پايدىلىقتۇر. چۈنكى ئەگەر كەتمىسەم، ياردەمچى سىلەرگە كەلمەيدۇ. ئەمما كەتسەم، ئۇنى سىلەرگە ئەۋەتىمەن. ئۇ كەلگەندە، بۇ دۇنيادىكىلەرگە گۇناھ توغرىسىدا، ھەققانىيلىق توغرىسىدا ۋە ئاخىرەت سورىقى توغرىسىدا ھەقىقەتنى بىلگۈزىدۇ» (ئىنجىل، «يۇھاننا» 16-باب، 7-8-ئايەت).

(ئۆلۈمدىن تىرىلگەندىن كېيىن) مەسىھ ئەيسا بىر قېتىم ئۇلار بىلەن جەم بولغىنىدا، ئۇلارغا يولىيورۇق بېرىپ مۇنداق دېدى: -

«يېرۇسالېمدىن ئايرىلماي، سىلەر مەندىن ئاڭلىغان، ئاتىنىڭ ۋەدىسىنى كۈتۈڭلار. چۈنكى يەھيا سۇدا چۆمۈلدۈرگەن، لېكىن سىلەر بولساڭلار كۆپ ئۆتمەي مۇقەددەس روھتا چۆمۈلدۈرۈلىسىلەر».
(ئىنجىل، «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»، 1-باب، 4-5-ئايەت)

«ئەمدى ئورما ھېيت كۈنىنىڭ ۋاقتى-سائىتى توشقاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېرۇسالېمدا بىر يەرگە جەم بولغانىدى. ئاسماندىن تۇيۇقسىز كۈچلۈك شامال سوققاندەك بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئۇلار ئولتۇرۇۋاتقان ئۆينى بىر ئالدى. ئوت يالقۇنىدەك تىللار ئۇلارغا كۆرۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۈستىگە تارقىلىپ قوندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس روھقا تولدۇرۇلۇپ، روھ ئۇلارغا سۆز ئاتا قىلىشى بىلەن ئۇلار نامەلۇم تىللاردا سۆزلىگىلى تۇردى».
(ئىنجىل، «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى»، 2-باب، 1-4-ئايەت).

(يۇقىرىقى «يۇھاننا»دىكى ئايەتلەردە ئاستىغا سىزىلغان «ياردەمچى» دېگەن سۆز، «پاراكلېتوس» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى).

ئېنىقكى، مەسىھ ئۇلار بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىدا مۇخلىسلىرىنىڭ ئۇستازى بولغان. ئۇ ئۇلارغا ھەم يېتەكلىگۈچى ھەم ھىمايە قىلغۇچى ھەم تەسەللى بېرىدىغان ياردەمچى بولغان. ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلسا ئۇلارنىڭ قايغۇدا قالىدىغانلىقىنى، يۆنۈلۈشسىز قالىدىغانلىقىنى ۋە كۈچسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئالدىن ئوبدان بىلگەچكە، ئۇ ئۇلارغا «ماڭا ئوخشاش» ئەرشتىن «يەنە بىر ياردەمچى» ئەۋەتىشكە ۋەدە قىلغان. بۇ ياردەمچىنىڭ شۇ ئايەتلەردىن كۆرگىنىڭىزدەك مۇقەددەس روھ ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرىدۇ. 4-مۇزاكىرە، 3-قىسىم، «مەسىھ ئەيسا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كرېستكە مىخلانغانمۇ؟»دا مۇزاكىرە قىلىنغان يەرەمىيا ۋە ئەزاكىيال پەيغەمبەرلەر بېشارەت قىلغان «يېڭى ئەھدە» تېخى ئېسىڭىزدە بولسا، مۇقەددەس روھ دەل شۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېڭىباشتىن پاكلايدىغانلىقى بىلەن يېڭى ئەھدىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇزىدىغان ياردەمچىدۇر.

بۇ تېكىستلەرنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق شۇنى كۆردۇقكى، ۋەدە قىلىنغان بۇ شەخسنىڭ مۇھەممەد بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. تۆۋەندە

بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ چىقىمىز: -

بىرىنچى، ۋەدە قىلىنغان شەخسنىڭ جىسمى يوق، ئۇ پەقەت روھتۇر («ھەقىقەتنىڭ روھى»، يەنى ھەقىقەتنى ئۆگىتىدىغان خۇدانىڭ روھى، دېيىلىدۇ). شۇنىڭ بىلەن «ئۇنى بۇ دۇنيادىكىلەر قوبۇل قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنى نە كۆرمەيدۇ، نە تونۇمايدۇ».

ئىككىنچى، كېلىدىغان ياردەمچى، مۇخلىسلىرى بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىدىغان بولاتتى. مۇھەممەد شۇ ۋاقىتتىن 600 يىل كېيىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ مۇخلىسلار بىلەن بىللە بولالمىغان، ئەلۋەتتە، «مەڭگۈ بىللە بولۇش» تېخىمۇ ئۇ ياقتا تۇرسۇن.

ئۈچىنچى، ۋەدە قىلىنغان شەخس ھەققىدە مەسىھ ئەيسا مۇخلىسلىرى بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقىتتىمۇ: «سىلەر ئۇنى تونۇيسىلەر، چۈنكى ئۇ سىلەر بىلەن بىللە تۇرىۋاتىدۇ» ھەم «سىلەردە ماكان قىلىدۇ (ئىچىڭلاردا تۇرىدۇ)» دېگەن. بۇ بەك مۇھىم، خۇدا مۇقەددەس روھ ئارقىلىق بىز بىلەن بىللە بولغۇسى بولۇپلا قالماي، بىزنىڭ ئىچىمىزدە، يەنى ئۆزى پاكلىغان يېڭى قەلبىمىزدە تۇرغۇسى بار.

تۆتىنچى، مەسىھ ئەيسا مۇخلىسلىرىغا «يېرۇسالېمدىن ئايرىلماي، سىلەر مەندىن ئاڭلىغان، ئاتىنىڭ ۋەدىسىنى كۈتۈڭلار! (دېمەك، خۇدانىڭ سىلەرگە بېرىشنى ۋەدە قىلغان ئۆزىنىڭ

مۇقەددەس روھىنى كۈتۈڭلار)» دەپ يوليورۇق بەرگەن. ئۇلار بۇ يوليورۇققا رىئايە قىلىپ دەل شۇ ۋەدە قىلىنغان ياردەمچى بولغان مۇقەددەس روھ كەلمىگۈچە يېرۇسالېمدا ئون كۈن تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بارلىق كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مۇخلىسلار «خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىغا چۆمگەن». بۇ مەسىھنىڭ ئۇلارغا: «چۈنكى يەھيا سۇدا چۆمۈلدۈرگەن، لېكىن سىلەر بولساڭلار كۆپ ئۆتمەي مۇقەددەس روھتا چۆمۈلدۈرۈلىسىلەر» دەپ بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلىشى ئىدى «روسۇللارنىڭ پائالىيەتلىرى» (5:1). قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىزمۇ ئۇنىڭ ۋەدە قىلغان مۇقەددەس روھىغا بەك موھتاج.

پەقەتلا مەسىھ ئەيسا ئادەمگە شۇ مۇقەددەس روھ، شۇ كارامەت ياردەمچىنى ئەۋەتەلەيدۇ. مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىغمۇ، توغرا يولنى پەرقلەندۈرۈش، كۆڭلىنى يورىتىپ نىجاتلىق تېپىش، يېڭى تۇغۇلۇشنىڭ ئۇلاردا ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇلۇشى، مەسىھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن، خۇدانىڭ، مەسىھنىڭ ئۆز مۇقەددەس روھىنى ئەۋەتىپ بېرىشىنى تىلەيمەن!

## 9-مۇزاكىرە

### ئىنجىلنىڭ بۇ قالايمىقان دۇنياغا بەرگەن نۇرى

يۇقىرىدىكى مۇزاكىرىلىرىمىزدە، بىز تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل ئارقىلىق، مەسىھ ئەيسادىن بولىدىغان شاد-خوراملىق توغرىسىدا سۆز قىلدۇق. شۇنداقلا بۇ شاد-خوراملىقتىن بەھرىمەن بولۇشقا توسالغۇ بولغان بەزىبىر مەسىلىلەر، يەنى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان ئۇقۇشماسلىقلار ۋە بەزى قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق.

بۇ يەردە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتمىسەم بولمايدىغان يەنە بىر نۇقتا بار. بۇ، مەسىھ ئەيساغا ئىشەنچ باغلاشقا توسالغۇ بولغان توسالغۇنى باشقا توسالغۇلارغا سېلىشتۇرغاندا (بۇ توسالغۇدىن ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغان كىشى ئۇچۇن) تېخىمۇ ئېغىر كېلىشى مۇمكىن. چۈنكى بىرىنچىدىن، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنى «خىرىستىئان»، «مەسىھ مۇخلىسى» ياكى «مەسىھىي» دەيدۇ-يۇ، بىراق ئۇلارنىڭ قىلغان

قىلمىشلىرى قىلىقسىز، ئەخلاقسىز ھەم چەكتىن ئېشىپ كەتكەن. ئىككىنچىدىن، تېخىمۇ ئېغىر بىر ئەھۋال شۇكى، مىلادىيە ئۈچىنچى ئەسىردىن باشلاپ تا بۈگۈنگە قەدەر، بەزىبىر تۈردىكى گۇرۇھلار ۋە تەشكىلاتلار، ««ئەيسا نامى»دىكى» ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ ھەرىكەتلەر ئالدامچىلىقلار، نومۇسسىزلىقلار، ھەتتا ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن رەھىمسىزلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تېلېۋىزورلاردىن غەربىي دۆلەتلەردە ئىشلەنگەن ھەرخىل فىلىملارنى كۆرگەن كۆرەرمەنلەر، ئاشۇ فىلىملەرغا ئوبرازلاشتۇرۇلغان غەربىي دۆلەتلەرنىڭ تۇرمۇشلىرىغا قاراپ: «مانا خرىستىئانلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئىستىللىرى» دەپ ئويلىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، ئاشۇ فىلىملاردىكى پېرسوناژلار ئۆزلىرىنى «خرىستىئان» ياكى «كاتولىك» دەپ ئاتاش بىلەن بىر ۋاقىتتا مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ زوروۋانلىق قىلىدۇ، شۇنىڭدەك زىناخورلۇق، ھاراقكەشلىك ۋە باشقا ھەرخىل ئەخلاقسىز قىلمىشلاردا بولىدۇ. بەزى ئەھۋاللاردىمۇ مەلۇم بىر دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى ياكى پۇقرالىرى ئۆز دۆلىتىنى «خرىستىئان دۆلىتى» دەپ ئاتايدۇ، ئەمما ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە بولسا، بەزىدە تاجاۋۇزلۇق قىلسا، بەزىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋاتقان. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتنى ئەستايىدىل ئىزدىنىۋاتقانلارنىڭ

كۆڭلىنى كىر قىلىشىمۇ مۇمكىن ۋە ياكى كاللىسىنى قايماقتۇرۇشىمۇ مۇمكىن.

ئەمما مەلۇم بىر ئېتىقادنى قوبۇل قىلغان ياكى ئېتىراپ قىلغان كىشىدە ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئېتىقادىغا خىلاپلىق قىلىق ياكى مەلۇم جەھەتلەردە ئەخلاقسىزلىقلار بار بولسا، ئەمەلىيەتتە ئاشۇنداق قىلمىشلىرى ئۇنىڭ ئېتىراپ قىلىۋاتقان ئېتىقادىنىڭ ناتوغرا ئىكەنلىكىگە ئىسپاتمۇ ئەمەس، بەلكى بۇ ئادەمنىڭ ھەربىر ئىنسانغا ئوخشاش گۇناھكار ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ساختىپەز گۇناھكار ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. ھەربىر تەقۋادار سەممىي مۇسۇلمانمۇ، مۇسۇلمانلاردا ئەخلاقسىز قىلمىشلارنىڭ بارلىقىنى، شۇنداقلا موللىلار ۋە مۇسۇلمان دىنىي ئەربابلاردىمۇ ئاچكۆزلۈك، ساختىپەزلىك ۋە خىيانەتچىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ. ئەمما ئۆزىنى مۇسۇلمان («خۇداغا بويسۇنغۇچى») دەۋالغان بەزىبىر كىشىلەرنىڭ ئەخلاقسىز قىلمىشلىرىنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلغان يول-ئېتىقادىنى خاتا ياكى توغرا دېگىنى ئەمەس. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئېتىراپ قىلغان بەزىبىر كىشىلەرنىڭ يامان قىلمىشلىرىنىڭ ئۆزىمۇ، بۇ كىتابلار خۇدانىڭ ئىنسان ئۈچۈن تەييارلىغان نىجات يولىنى راست ئاشكارىلىغان ياكى ئاشكارىلىمىغان دېگىنى ئەمەس.

بىراق تەۋرات ۋە ئىنجىللارنىڭ بۇ مەسىلە توغرۇلۇق يەنە نېمە تەلىملىرى بارلىقىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. بۇ

تېكىستلەرنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ چىقسا، باش قايمۇقتۇرىدىغان ئىشلارنى تامامەن توختىتىش مۇمكىن.

## مەسىھ ئەيسانىڭ «بۇغداي ۋە مەستەك (كۇرمەك)» توغرۇلۇق تەمسىلى

مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆز روسۇللىرىغا ئېيتىپ قالدۇرغان، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان مەخسۇس يەتتە تەمسىلى ئىنجىلدىكى «ماتتا» قىسمىدا خاتىرىلەنگەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ تەۋرات ۋە زەبۇرلاردا دېيىشىچە، خۇدانىڭ پادىشاھلىقى يەر يۈزىگە يېتىپ كەلگىنىدە، ھەربىر ئىنسان چىن كۆڭلىدىن خۇداغا ئىتائەت قىلىپ، بۇ دۇنيا يەنىلا ئېرەن باغچىسىدەك چىرايلىق، ئامانلىق ۋە خۇشاللىققا چۆمگەن بولىدىكەن. پەيغەمبەرلەر يەنە مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى بۇ دۇنياغا كەلگىنىدە، خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنى باشلايدۇ، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرى خۇدانىڭ بۇ دۇنياغا ئەۋەتمەكچى بولغان مەسىھ-قۇتقۇزغۇچىسى دەل ئەيسانىڭ ئۆزى ئىكەن دەپ ئىشەنگەن، شۇڭلاشقا پادىشاھلىق دەرھال پەيدا بولىدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرگەن. مەسىھ ئەيسانىڭ بۇ يەتتە تەمسىلىنىڭ مەقسىتى بولسا، بۇ پادىشاھلىق ئاشۇ مۇخلىسلارنىڭ ئويلىغىنىدەك دەرھال ئوچۇق-ئاشكارا پەيدا بولمايدۇ، بەلكى دەسلەپتە قىسمەن يوشۇرۇن ھالدا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ قەلبىدە بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

شۇڭا خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئاشۇ پەيغەمبەرلەرگە ئاشكارىلىمىغان، ئەمما بۇ تەمسىللەردە ئايان قىلىپ چۈشەندۈرۈلگەن بىر تۈنجى باسقۇچى، يەنى «يېرىم يوشۇرۇن» باسقۇچى بار. بۇ باسقۇچتىن كېيىن، مەسىھنىڭ بۇ دۇنياغا قايتىپ چۈشۈشى بىلەنلا بارلىق كىشى سوراقتا تارتىلىدۇ ۋە خۇدانىڭ پادىشاھلىقى ئوچۇق-ئاشكارا پەيدا بولىدۇ.

ئىككىنچى تەمسىلى بولسا، تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت: ـ

(ئىنجىل «ماتتا» 13-باب، 24-30)

«ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەنە بىر تەمسىلنى بايان قىلدى: ـ

ئەرش پادىشاھلىقى خۇددى ئېتىزىغا ياخشى ئۇرۇقنى چاچقان بىر ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئەمما كىشىلەر ئۇيقۇغا چۆمگەن چاغدا، دۈشمىنى كېلىپ بۇغداي ئارىسىغا كۈرمەك ئۇرۇقلىرىنى چېچىۋېتىپ، كېتىدۇ. ئەمدى مايسىلار ئۆسۈپ، باشاق چىقارغاندا، كۈرمەكمۇ ئاشكارىلىنىشقا باشلايدۇ.

خوجايىنىنىڭ چاكارلىرى كېلىپ ئۇنىڭغا: ـ

«ئەپەندى، سىز ئېتىزىڭىزغا ياخشى ئۇرۇق چاچقان ئەمەسمىدىڭىز؟ كۈرمەكلەر نەدىن كېلىپ قالدى؟» دەپتۇ.

خوجايىن: «بۇنى بىر دۈشمەن قىلغان» - دەپتۇ.

چاكارلار ئۇنىڭدىن: «سىز بىزنى بېرىپ ئۇلارنى ئوتتۇۋېتىڭلار دېمەكچىمۇ؟» - دەپ سوراپتۇ.

«ياق،» - دەپتۇ خوجايىن، «ئۇنداق قىلغاندا

كۈرمەكلەرنى يۇلغاندا، بۇغدايلارنىمۇ يۇلۇۋېتىشىڭلار مۇمكىن. بۇ ئىككىسى ئورما ۋاقتىغىچە بىللە ئۆسسۇن، ئورما ۋاقتىدا، مەن ئورمىچىلارغا: - ئالدى بىلەن كۈرمەكلەرنى

ئايرىپ يىغىپ، باغلاپ كۆيدۈرۈشكە قويۇڭلار، ئاندىن بۇغدايلارنى يىغىپ ئامبىرىمغا ئەكىرىڭلار، دەيمەن» - دەپتۇ خوجايىن»».

بۇ تەمسىل 36-43 ئايەتلەردە چۈشەندۈرۈپ بېرىلىدۇ: -

«شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ كۆپچىلىكنى يولغا سېلىۋېتىپ ئۆيگە كىردى. مۇخلىسلىرى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن: - ئېتىزلىقتىكى كۈرمەك

توغرىسىدىكى تەمسىلنى بىزگە شەرھلەپ بەرسەڭ، - دەپ ئۆتۈندى.

ئۇ ئەمدى ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

- ياخشى ئۇرۇقنى چاچقان كىشى
ئىنسانئوغلىدۇر. ئېتىزلىق بولسا - دۇنيا.
ياخشى ئۇرۇق بولسا ئەرش پادىشاھلىقىنىڭ
پەرزەنتلىرىدۇر، لېكىن كۈرمەك رەزىل
بولغۇچىنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر. كۈرمەك چاچقان
دۈشمەن - ئىبلىستۇر. ئورما ئورۇش ۋاقتى - زامان
ئاخىرىدۇر. ئورمىچىلار - پەرىشتىلەردۇر.
كۈرمەكلەر يۇلۇنۇپ، ئوتتا
كۆيدۈرۈۋېتىلگىنىدەك، زامان ئاخىرىدىمۇ ئەنە
شۇنداق بولىدۇ. ئىنسانئوغلى پەرىشتىلىرىنى
ئەۋەتىپ، ئۇلار ئىنسانلارنى گۇناھقا
ئازدۇرغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى، شۇنداقلا بارلىق
ئىتائەتسىزلىك قىلغۇچىلارنى ئۆز
پادىشاھلىقىدىن شاللاپ چىقىپ، خۇمدانىنىڭ
لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتىغا تاشلايدۇ. ئۇ يەردە يىغا-
زارلار كۆتۈرۈلىدۇ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ. ئۇ
چاغدا ھەققانىيلار ئاتىسىنىڭ پادىشاھلىقىدا
خۇددى قۇياشتەك جۇلالىنىدۇ.
ئاڭلىغۇدەك قۇلىقى بارلار بۇنى ئاڭلىسۇن!»».

بۇ تەمسىلدە، بۇ دۇنيادا خۇداغا ۋە ئىنسانىيەتكە
قارشى تۇرىدىغان بىر دۈشمەننىڭ بارلىقىنى، بۇ
دۈشمەننىڭ بەزى ئىشلارغا قول سالىدىغانلىقى بىزگە
كۆرسىتىلىدۇ. «مەستەك» (كۈرمەك) دېگەن بۇ

ئۆسۈملۈكنىڭ مۇنداقمۇ بىرخىل ئالاھىدىلىكى بار. بىخ تارتىشتىن باشاق چىقارغۇچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ئۆسۈملۈك بۇغدايغا ئاجايىبلا ئوخشاپ كېتىدۇ. پەقەت پىشىپ ۋايىغا يەتكەندىلا، بۇغداي بىلەن بولغان پەرقى ئېنىق ئايرىلىدۇ. ئىنسانغا پايدا يەتكۈزىدىغىنى پەقەت بۇغدايدۇر، مەستەك بولسا بىرخىل زەھەرلىك ئۆسۈملۈكتۇر. شۇڭا بۇ تەمسىل بىر بېشارەت. بۇ بېشارەت خۇدانىڭ پادىشاھلىقىنىڭ باشلىنىشىدا، ئەسلىدە «بۇغداي بولغان» سەمىمىي ئادەملەرنىڭ پاك-ساپ كۆڭۈللىرىدىن يىلتىز تارتىدىغانلىقىدىن، ئەمما بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن خۇدانىڭ سۆز-كالامىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئۆزىنى «خىرىسئان» دەپ ئاتايدىغان نۇرغۇنلىغان «مەستەك بولغان» كىشىلەرنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەن. بۇنداق كىشىلەرنىڭ يا ئىنسانغا يا خۇداغا ھېچقانداق پايدىسى يوق، بەلكى دەل ئەكسىدۇر؛ چۈنكى خۇدانىڭ سۆز-كالامى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە يىلتىز تارتىپ باققان ئەمەس. لېكىن ئۇلار شۇ كۈنلەردە سوراققا تارتىلمايدۇ، ئۇلارغا «ئورما ۋاقتى» بولغان قىيامەت كۈنىگىچە ھەقىقىي بۇغداينىڭ قېشىدا ئۆسۈشكە يول قويۇلىدۇ. تەمسىلدە نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق يول قويۇلغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئېنىق دەپ بېرىلمىگەن، ئەمما تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى باشقا تەمسىل ۋە بايانلار بىزگە خۇدانىڭ ساختا مۇخلىسلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا يول قويۇشى، ئۆزىگە سادىق بولغانلارنىڭ ئېتىقادىنى ۋە سەۋر-تاقىتىنى تېخىمۇ تاۋلاش ئۈچۈندۇر، دەپ پۈرىتىپ

ئۆتكەن. خۇداغا يەنىمۇ تەشەككۇر، ئۇنىڭ مېھرى-شەپقىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ساختا مۇخلىسلارنىڭمۇ تووۋا قىلىپ، ھەقىقىي ئىشەنگۈچى بولۇشقا ئىمكانىيىتى باردۇر.

مۇقەددەس كىتابتا، كىشىنىڭ بېشىنى قايماقتۇرىدىغان بۇ دۇنيانى چۈشەندۈرۈشكە مەدەت بېرىدىغان يەنە بىر يەر بار، بۇ بولسىمۇ ئىنجىلدىكى «ۋەھىي» دېگەن قىسىمدا. مۇشۇ يەردە مەسىھنىڭ روسۇلى يۇھاننا مۇقەددەس روھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، كەلگۈسىدە بولىدىغان ۋەقەلەر توغرىسىدىكى بىر قاتار غايىبانە كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن. تۆۋەندىكى ئايەتلەر (17-18-بابتىن) بۇ بېشارەتلىك كۆرۈنۈشلەردىن بىرى. بۇ ئايەتلەرنى مۇشۇ يەردە تولۇق نەقىل كەلتۈرمىز. بەزى تەپسىلاتلىرى سۆزلەۋاتقان مۇزاكىرىمىزنىڭ دائىرىسىدە بولمىغاچقا، بىز بۇلارنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايمىز. ئەمما بۇ بېشارەتتىكى ئاساسىي پېرسوناژ بولغان، «قىزىل رەڭلىك كىيىم كىيگەن» «داڭلىق پاھىشە ئايال»غا، شۇنىڭدەك ئۇنى تەسۋىرلەيدىغان، ئۇنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلايدىغان تەپسىلاتلارغا دىققەت قىلسىڭىز: ـ

(«ۋەھىي» ـ 17-باب)

«يەتتە چىنىسى بار يەتتە پەرىشتىنىڭ بىرى كېلىپ، ماڭا سۆزلەپ:

ـ بۇ يەرگە كەل، نۇرغۇن سۇلار ئۈستىدە ئولتۇرغان، چوڭ پاھىشە ئايالنىڭ تارتىدىغان جازاسىنى ساڭا كۆرسىتىپ قوياي. يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار ئۇنىڭ بىلەن بۇزۇقلۇق ئۆتكۈزدى، يەر يۈزىدىكىلەر ئۇنىڭ بۇزۇقلۇقىنىڭ شارابىدىن مەست بولۇشتى، ـ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرىشتە مېنى روھنىڭ ئىلكىدىكى ھالەتتە بىر چۆلگە ئېلىپ باردى. ئۇ يەردە يەتتە باشلىق، ئون مۈڭگۈزلۈك، پۈتۈن ئەزايىنى كۇپۇرلۇق ناملىرى قاپلىغان بىر توق قىزىل دىۋىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر ئايالنى كۆردۈم. ئايال سۆسۈن ۋە توق قىزىل كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئالتۇن، قىممەتلىك ياقۇت ۋە مەرۋايىتلار بىلەن پەردازلانغانىدى. قولىدا يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىقلار ۋە ئۆز بۇزۇقلۇقىنىڭ نىجاسەتلىرى بىلەن تولغان بىر ئالتۇن قەدەھ بار ئىدى. پېشانىسىگە بىر سىر ـ

«كاتتا بابىل، پاھىشىلەرنىڭ ۋە دۇنيادىكى پۈتكۈل يىرگىنچلىك نومۇسسىزلىقلارنىڭ ئانىسى» دېگەن نام پۈتۈكلۈك ئىدى. مەن ئايالنىڭ مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ قېنى ۋە ئەيساغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ قېنى بىلەن مەست بولغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنى كۆرۈپ تولىمۇ تەئەججۈپ قىلىپ ئىنتايىن ھەيران قالدىم. پەرىشتە ماڭا مۇنداق دېدى:

– «نېمىگە ھەيران قالدىڭ؟ ئايالنىڭ ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يەتتە باشلىق، ئون مۈڭگۈزلۈك دىۋىنىڭ سىرىنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي. سەن كۆرگەن دىۋە بىر زامانلاردا بار ئىدى، ھازىر يوق؛ ئۇزۇن ئۆتمەي تېگى يوق ھاڭدىن چىقىپ، ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ. يەر يۈزىدە تۇرۇۋاتقانلار

– دۇنيا ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان ئىسىملىرى ھاياتلىق دەپتىرىگە پۈتۈلمىگەن كىشىلەر دىۋىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قالىدۇ. چۈنكى ئۇ بىر زامانلاردا بار ئىدى، ھازىر يوق، لېكىن يەنە پەيدا بولىدۇ.

مانا بۇنى چۈشىنىشكە لازىم بولغان ھېكمەت: – يەتتە باش بولسا ئۇ ئايال ئولتۇرغان

يەتتە تاغقا، شۇنداقلا يەتتە پادىشاھقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇلارنىڭ بەشى يىقىلغان، بىرسى بار، يەنە بىرى تېخى كەلمىدى. ئۇ كەلگەندە پەقەت ئازلا ۋاقىت تۇرالايدۇ. بۇرۇن بار بولغان، ئەمدى ھازىر يوق بولغان دىۋىنىڭ ئۆزى سەككىزىنچى پادىشاھدۇر، شۇنداقلا ئۇ ھەم يەتتىسىدىن بىرى بولۇپ ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ.

سەن كۆرگەن ئون مۈڭگۈز ئون پادىشاھدۇر. ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقلىرى تېخى يوق، ئەمدى ئۇلارغا دىۋە بىلەن بىللە بىر سائەتلىك پادىشاھلىق ھوقۇقى بېرىلىدۇ. بۇ پادىشاھلار بىر ئوي، بىر نىيەتتە بولۇپ ئۆز قۇدرىتى ۋە

ھوقۇقلىرىنى دۆلگە بېرىشىدۇ. دىۋە ۋە پادىشاھلار بىرلىشىپ قوزىغا قارشى جەڭ قىلىدۇ. قوزا ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ رەبلەرنىڭ رەببى، پادىشاھلارنىڭ پادىشاھىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرغانلار بولسا چاقىرىلغان، تاللانغان ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولغانلاردۇر».

پەرىشتە ماڭا يەنە:

- پاھىشە ئايال ئۈستىدە ئولتۇرغان، سەن كۆرگەن سۇلار بولسا مىللەتلەر، ئۆزئارا توپلاشقان نۇرغۇن كىشىلەر، ئەللەر ۋە ھەر خىل تىللاردا سۆزلىشىدىغان كىشىلەردۇر. سەن كۆرگەن ئون مۈڭگۈز ۋە دىۋە بۇ پاھىشە ئايالدىن نەپرەتلىنىدۇ، ئۇنى تالان-تاراج قىلىپ يالىڭاچلاپ قويىدۇ، ئۇنىڭ گۆشىنى يەپ، ئۆزىنى ئوتتا كۆيدۈرىدۇ. چۈنكى خۇدا ئۆز سۆز-كالاملىرى ئەمەلگە ئاشقۇچە، ئاشۇ ئون پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ئۆز ئىرادىسىنى ئىجرا قىلىپ، بىر قاراردا توختىشىپ پادىشاھلىق ھوقۇقىنى دۆلگە بېرىش نىيىتىنى سالدى.

سەن كۆرگەن ئايال يەر يۈزىدىكى پادىشاھلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان كاتتا شەھەردۇر»، — دېدى».

(18-باب)

## بابىلنىڭ گۇمران بولۇشى

ئۇ ئىشلاردىن كېيىن مەن چوڭ ھوقۇقلۇق يەنە بىر پەرىشتىنىڭ ئاسماندىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يەر يۈزى ئۇنىڭ جۇلالىلىقىدىن يورۇپ كەتتى.

پەرىشتە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇنداق ۋارقىرىدى: ــ

«غۇلىدى! كاتتا شەھەر بابىل غۇلىدى!
ئەمدى ئۇ جىنلارنىڭ ماكانى،
ھەربىر ناپاك روھلارنىڭ سولاقخانىسى،
ھەربىر مەكرۇھ ۋە يىرگىنچلىك قۇشلارنىڭ سولاق-چاڭگىسى بولدى!
چۈنكى بارلىق ئەللەر ئۇنىڭ زىنا-بۇزۇقلۇقىنىڭ سەۋدالىق شارابىدىن ئىچىشتى؛
يەر يۈزىدىكى بارلىق پادىشاھلار ئۇنىڭ بىلەن بۇزۇقلۇق ئۆتكۈزۈشتى،
يەر يۈزىدىكى سودىگەرلەر ئۇنىڭ ئەيش-ئىشرىتىنىڭ ئەلۋەكچىلىكىدىن بېيىشتى».

ئاسماندىن يەنە بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم:

«ئى مېنىڭ خەلقىم، ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا شېرىك بولماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ھەم ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان بالايىئاپەتلەرگە ئۇچرىماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقىڭلار! چۈنكى ئۇنىڭ گۇناھلىرى پەلەككە

يەتكۈدەك دۇۋىلىنىپ كەتكەن، خۇدا ئۇنىڭ ھەققانىيەتسىزلىكلىرىنى ئېسىگە ئالدى».

ئىنجىلنىڭ «ۋەھىي» دېگەن قىسمىدا، ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بىر قىز ۋە بىر ئايال تەسۋىرلەنگەن. بىرىنچىسى قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاپئاق لىباس كىيىم كىيدۈرۈلگەن، ئۇ مەسىھ ئەيساغا سادىق، ساپ، پاك قىز، بۇ قىزنى مەسىھ ئەيسانىڭ دۇنياۋىي جامائىتى دەپ بايان قىلىنغان. ئىككىنچىسى ئايال بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھېلىقى «پاھىشە ئايال»دۇر. ئۇنى، ئۆز ئېرىگە سادىق بولغان ئاق كىيىم كىيىۋالغان پاك قىزنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى بولۇپ، ئۆز «مۇھەببىتى»نى دەپسەندە قىلغان، ساداقەتسىز، پاھىشە ئايال دەپ بايان قىلغان. پاھىشە ئايال «پۈتۈن ۋۇجۇدى كۇپۇرلۇق ناملىرى بىلەن تولغان بىر قىزىل دىۋە»نىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغان. «ۋەھىي» دېگەن قىسمىنىڭ باشقا يەرلىرىدە، بۇ «دىۋە»نىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ سىياسىي كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كېلىمىزكى، بۇ «پاھىشە ئايال» سىياسىي ھوقۇق ۋە بۇ دۇنيادىكى مال-مۈلۈك ئۈچۈن، ئۆزىنى ساتىدىغان بىرخىل «ساختا جامائەت»كە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئايالنى، يەنە «داڭلىق شەھەر»، «بابىل» («بابىلون») دەپ بايان قىلغان. شۇڭلاشقا بۇ بېشارەتتە (مىلادىيەدىن كېيىنكى 1-ئەسىردە بېرىلگەن) بىر ساختا دىنىي سىستېمىنىڭ بارلىقىغا كېلىدىغانلىقى دېيىلگەن.

«ساختا» دېيىلىشى، چوقۇم مەسىھ ئەيسانىڭ نامىدا قۇرۇلىدىغان بىر سىستېمىنى كۆرسىتىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، قانداقمۇ «ساختا» بولسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن خۇدا ئۆزىنىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە ئاشۇ شەھەرنىڭ گۇناھلىرىنى يۇقتۇرۇۋالماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن بارلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە بۇيرۇغان: - **«ئى مېنىڭ خەلقىم، ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا شېرىك بولماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ھەم ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان بالايىئاپەتلەرگە ئۇچرىماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقىڭلار!»** (18-باب، 4-ئايەت)

بۈگۈنكە قەدەر بۇ ئۇلۇغ بېشارەتنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان؛ دېمەك، بۇ «پاھىشە ئايال» پەيدا بولۇپ بولغان. پەقەت ئەڭ ئاخىرقى قىسىملىرى، يەنى «ئون مۈڭگۈزلۈك دىۋە»نىڭ پەيدا بولۇشى ۋە خۇدا ئۈچۈن يىرگىنچلىك بولغان بۇ دىنىي سىستېمىنىڭ ھامان پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىنىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى كۈتمەكتە.

بېشارەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش جەريانى مىلادىيە 4-ئەسىردە باشلانغان. مەسىھ مۇخلىس جامائەتلىرى شۇ ۋاقىتتىقا قەدەر، ھەردائىم رىم ئىمپېرىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق زىيانكەشلىك قىلىشىغا ئۇچراپ تۇراتتى. ئويلىمىغان يەردىن، شۇ چاغدىكى رىم ئىمپېراتورى كونستانتىن «خرىستىئان ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىمەن» دەپ جاكارلايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ

ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ نە «توۋا قىلىش»نىڭ نە ئېتىقادنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭدا «يېڭى تۇغۇلۇش» مەۋجۇت بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى «ئېتىقادقا نىسبەتەن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق»تەك، كىچىك پېئىللىق بىلەن تۇنجى قەدەملىرىنى بېسىشقا توغرا كەلگەن ۋاقىتتا بولسا، ئۇ ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئىمپېراتورلۇق سالاھىيىتى بىلەن «مېنىڭ مەسىھ جامائەتلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقۇم بار» دەپ تۇرۇۋېلىشقا باشلىدى. جامائەتلەردىكى نۇرغۇن يېتەكلىگۈچىلەر ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىشنىڭ ئورنىغا ئىمپېراتورنىڭ دوستلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىگە يېتىش، ھەتتا سىياسىي جەھەتتە ھوقۇققا ئېرىشىپ قالارمەنمىكىن دەپ، ئىمپېراتورنىڭ ئاشۇنداق ئارىلىشىۋېلىشىغا چىدىغان، ھەتتا بەزىلىرى ئۇنىڭ ئارىلىشىۋېلىشىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان. مۇشۇنداق ئۆز ئېتىقادىغا ساتقۇنلۇق-پاھىشىۋازلىق قىلمىشلىرىغا قارشى چىققان يېتەكلىگۈچىلەر ۋە ئاددىي مۇخلىسلار بولسا، ئاشۇ «جامائەت»نىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىغا ئۇچراپ، ئاخىرى «جامائەت»تىن ھەيدىۋېتىلگەن. يەنە بىر-ئىككى ئەسىر ئۆتۈشى بىلەن شۇنداق بىر ۋەزىيەت شەكىللەندىكى، ئاشۇ «جامائەت»نىڭ مەلۇم بىر يېتەكلىگۈچىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىگە «پاپا» (ئاتا) دېگەن ئۇنۋاننى قويۇپ، «مەن بارلىق جامائەتلەرنىڭ بېشىدۇرمەن، بارلىق جامائەتلەر ۋە ھەتتا

بۇ دۇنيادىكى بارلىق پادىشاھلار ماڭا بويسۇنۇشى كېرەك» دەۋالغان. بۇ كىشى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەنى بىرسى ئۇنىڭ ئورنىغا چىقىپ، ئۇمۇ ئۆزىنى «پاپا» دەپ ئاتىۋالغان. بۇ ۋەزىيەت بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. رىم شەھىرىدە ھازىرمۇ ئۆزىنى «پاپا» دەپ ئاتىۋالغان بىر ئادەم بار. بۇنداق قىلمىش مەسىھ ئەيسانىڭ: «يەر يۈزىدە ھېچقانداق كىشىنى «ئاتام» دېمەڭلار، چۈنكى پەقەت بىرلا ئاتاڭلار، يەنى ئەرشتە تۇرغۇچى باردۇر» دېگەن تەلىمىگە ئوچۇق-ئاشكارا قارشى تۇرغانلىق (ئىنجىل «ماتتا» قىسمىدا، 23-باب). «پوپ» بىلەن «پاپا» دېگەن ئۇنۋانىنىڭ مەنىسى ئوخشاش، خاتالىقىمۇ ئوخشاش. ئاشۇ «پاپا»نىڭ ھوقۇقى بارغانسېرى چوڭىيىپ، ئۇ ئاخىرى (ئوتتۇرا ئەسىرلەردە) ياۋروپادىكى نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ ئۈستىدىكى ھوقۇقلىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، خۇدا ئالدىدا كۈپۈرلۈق قىلىپ ئۆزىنى «پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى، رەبلەرنىڭ رەببى» دەپ ئاتىۋالغان. تا بۈگۈنگە قەدەر، رىمدىكى ئاشۇ «پاپا»لار بۇ ئۇنۋانىنىڭ خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۆزىنى تېخىچىلا ئاشۇنداق ئاتاپ يۈرمەكتە. نۇرغۇن مۇخلىسلارنىڭ ئۇلارنى «مەسىھنىڭ رەقىبى» ياكى «دەججال» دېيىشى غەلىتە ئىش ئەمەس (ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى پارس، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جوڭگودىكى مەسىھىي مۇخلىس («نەستورىيىلىك») جامائەتلىرى «پاپا» دېگەننى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلىپ باقمىغان).

بۇ غايىبانە كۆرۈنۈشتە ھېلىقى «پاھىشە ئايال» «يەتتە تاغ» ئۈستىدە ئولتۇرغان. دۇنيادىكى بىرىنچى شەھەرلەر «يەتتە تاغنىڭ ئۈستىگە» ئورۇنلاشقىنى بىلەن، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ داڭلىق، كۆزگە ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغىنى دەل ئۆزىنى «مەسىھ ئەيسانىڭ ۋەكىلى» دەپ ئاتىۋالغان، ئاشۇ «پاپا» ئولتۇرغان رىم شەھىرىنىڭ ئۆزىدۇر. بۇ «پاھىشە ئايال» «سۆسۈن ۋە توق قىزىل كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئالتۇن، قىممەتلىك ياقۇت ۋە مەرۋايىتلار بىلەن پەردازلانغانىدى». ئوقۇرمەنلەر تېلېۋىزورلاردىن نۇرغۇن ھەيۋەتلىك «مەسىھ ئىبادەتخانا»لىرىنىڭ (چېركاۋلارنىڭ) نەپىس بېزەلگەنلىكلىرىنى، ھەتتا مۇشۇ بېشارەتتە دېيىلگەندەك «ئالتۇن، ياقۇت ۋە ئۈنچە-مەرۋايىتلار بىلەن» بېزەلگەنلىكلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەندۇ. بەلكىم بۇ «ئىبادەتخانىلار»دىمۇ نۇرغۇن مەبۇد (مەيلى ئەيساغا، مەريەمگە ياكى «ئەۋلىيالار»غا ۋەكىل بولغان) ۋە ياكى چاپلاقلىق «ۋەكىللىك رەسىم»لەر («ئەيكونلار») باردۇر. نۇرغۇن كىشىلەر يەنە كرېست ياكى باشقا شەكىللەردە ياسالغان ھەرخىل «تۇمار»لارنى ئېسىۋالىدۇ. كۆزى ئوچۇق ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئايانكى، بۇنداق ئىشلار تەۋرات ۋە ئىنجىلغا مۇتلەق خىلاپتۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش، نۇرغۇن «پوپ»لارمۇ دەرۋەقە ئاجايىپ چىرايلىق «سۆسۈن ۋە توق قىزىل كىيىملەر»نى كىيىۋېلىشقا ئامراق. «پاپا»نىڭ «ۋەزىرلىرى» بولغان «كاردىناللار»مۇ قىپقىزىل تونلارنى كىيىشىۋالىدۇ ۋە

كاتتا سارايلاردا تۇرۇشىدۇ. مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك تۇرمۇش، بايلىقلارنى توپلاش، ھەيۋەتلىك ۋە كاتتا «ئىبادەتخانىلار» ياكى ئىمارەتلەرنى قۇرۇش، مەسىھ ئەيسانىڭ: «ئۆزۈڭ ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى بايلىقلارنى توپلىماي، ئەرشتىكى بايلىقلارنى توپلا» دېگەن ئاددىي تەلىمىگە پۈتۈنلەي خىلاپ. سىياسىي ھوقۇققا ئىنتىلىش ۋە ياكى ئەيسانىڭ نامىدا ھوقۇقنى قوبۇل قىلىشمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭ: «مېنىڭ پادىشاھلىقىم بۇ دۇنياغا مەنسۇپ ئەمەس» دېگەن تەلىمىگە خىلاپ.

ئاخىرى، بۇ «پاھىشە ئايال» «مۇقەددەس بەندىلەرنىڭ قېنى ۋە ئەيساغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەرنىڭ قېنى بىلەن مەست بولغان» (6-ئايەت). مۇشۇ بېشارەتتە بۇ «دىنىي سىستېما» ئەيسانىڭ نۇرغۇن ئىخلاسمەن مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قانخورلۇق قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.
تارىختا نۇرغۇن ئادەمنى ھەيران قىلارلىق پاكىتلار بار. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاجايىپ بولغانلاردىن بىرى چوقۇم شۇكى، «خۇدانىڭ مۇھەببىتى»نى ئېتىراپ قىلىدىغان ئاشۇ بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ شۇ «مۇھەببەت»نىڭ نامىدا، يەنى ئەيسانىڭ نامىدا نۇرغۇنلىغان گۇناھسىز، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ باقمىغان، خۇداغا سادىق، ئەيسانىڭ مۇلايىم، ئىخلاسمەن مۇخلىسلىرىنى قاراپ تۇرۇپ

ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكلىرىدۇر. تارىخشۇناسلارنىڭ پەرەزلىرىچە، خۇدانى ئېتىراپ قىلمايدىغان رىم ئىمپېرىيەسى بىرنەچچە مىليون خرىستىئانلارنى دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن (ئاساسىي سەۋەبى، ئىمپېراتورغا چوقۇنۇشنى رەت قىلغانلىقتىن). ئەمما شۇ گۇرۇھتىكى «دىندار» كىشىلەردىن تەركىب تاپقان سىستېما بولسا، رىم ئىمپېرىيەسى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇخلىسلارنىڭ ساندىن ئۈچ-تۆت ھەسسە ئارتۇق خۇدانى سېغىنىدىغان، ئىخلاسمەن كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇنداق پاكىتلار بىزنى شۇ خۇلاسىگە كەلتۈرىدۇكى، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ دەھشەتلىك گۇناھكارلار بولسا دىن بىلەن ئۆزلىرىنى نىقاپلىۋالغان كىشىلەردۇر، ئەڭ يامان ساختىپەزلىك بولسا دىنىي ساختىپەزلىكتۇر.

مانا بۇ ئۆزىنى «مەسىھنىڭ جامائىتى» دەپ ئاتىۋالغان ھېلىقى «داڭلىق پاھىشە ئايال»نىڭ دەھشەتلىك تارىخىدۇر. ئۇلار ئەيسانىڭ نامىدا ئۇرۇشلارنى قوزغىغان، ئالدامچىلىق ۋە خىيانەتچىلىك قىلىپ، نۇرغۇنلىغان بايلىقلارنى توپلىۋالغان، سىياسىي ھوقۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن ھېچقانداق ئىشتىن ئەيمەنمەستىن سۇيىقەست قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ ئاشۇ رەزىل قىلمىشلىرىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن، خۇداغا سادىق بولغان نۇرغۇنلىغان ئىخلاسمەن كىشىلەرنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى قاماققا تاشلىغان، قىيىنىغان ۋە ئۆلتۈرگەن.

سىز بۇ پاكىستانلارنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ھەرقانداق ماتېرىيالى تولۇق كۆتۈپخانىلارنىڭ تارىخ كىتابلىرىدىن تاپالايسىز. مەسىھ ئەيسانىڭ ئۇلۇغ تەلىمىنى كۆرۈڭ بېقىڭ:

- «سىلەر «كۆزگە كۆز، چىشقا چىش» دەپ بۇيرۇلغىنىنى ئاڭلىغانسىلەر. بىراق مەن ئۆزۈم شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، ئەسكى بىلەن تەڭ بولماڭلار. كىمدەكىم ئوڭ مەڭزىڭگە ئۇرسا، سول مەڭزىڭنىمۇ تۇتۇپ بەر؛ ۋە بىرسى ئۈستۈڭدىن دەۋا قىلىپ، كۆڭلىكىڭنى ئالماقچى بولسا، چاپىنىڭنىمۇ بەر. بىرسى ساڭا يۈك-تاقىنى يۈدكۈزۈپ مىڭ قەدەم يول يۈرۈشكە زورلىسا، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى مىڭ قەدەم ماڭ. بىرسى سەندىن تىلىسە، ئۇنىڭغا بەر. بىرسى سەندىن ئۆتنە-يېرىم قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا بوينۇڭنى تولغىما.

سىلەر «قوشناڭنى سۆيگىن، دۈشمىنىڭگە نەپرەتلەن» دەپ ئېيتىلغاننى ئاڭلىغان. بىراق مەن ئۆزۈم شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، سىلەرگە دۈشمەنلىك بولغانلارغا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسىتىڭلار، سىلەردىن نەپرەتلەنگەنلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلارغا دۇئا قىلىڭلار. شۇنداق قىلغاندا، ئەرشتىكى ئاتاڭلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بولىسىلەر. چۈنكى ئۇ قۇياشىنىڭ نۇرىنى ياخشىلارغىمۇ ۋە

يامانلارغىمۇ چۈشۈرىدۇ، يامغۇرنىمۇ ھەققانىيلارغىمۇ، ھەققانىيەتسىزلەرگىمۇ ياغدۇرىدۇ. ئەگەر سىلەر ئۆزۈڭلەرگە مۇھەببەت كۆرسەتكەنلەرگىلا مېھىر-مۇھەببەت كۆرسەتسەڭلار، بۇنىڭ قانداقمۇ ئىنئامىغا ئېرىشكۈچىلىكى بولسۇن؟ ھەتتا باجگىرلارمۇ شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟ ئەگەر سىلەر پەقەت قېرىنداشلىرىڭلار بىلەنلا سالام-سەھەت قىلىشساڭلار، بۇنىڭ نېمە پەزىلىتى بار؟ ھەتتا يات ئەللىكلەرمۇ شۇنداق قىلىدىغۇ! شۇڭا، ئەرشتىكى ئاتاڭلار مۇكەممەل بولغىنىدەك، سىلەرمۇ مۇكەممەل بولۇڭلار».

ئۇنىڭ مۇشۇنداق تەلىمى ناھايىتى ئېنىق دېيىلگەن تۇرسا، ئۇلار يەنە ئاشۇنداق بولمىغۇر رەھىمسىزلىك رەزىل قىلمىشلارنى قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كېلىپ ئەيسانىڭ نامىدا قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلغانلىرى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن قانداق ئۆتىدۇ؟ ھەي ئىنسان، سەن كىم؟!

مۇسۇلمان-«خرىستىئان» ئۇرۇشلىرى، يەنى ھەر ئىككى تەرەپتىن نەچچە ئون تۈمەنلىگەن كىشىلەر ئۆلگەن دەھشەتلىك «ئەھسېلىپىنىڭ شەرقكە يۈرۈش قىلىش»، (پەلەستىن دېگەن «مۇقەددەس زېمىن»نى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇشلار) دەل ئاشۇ «داڭلىق پاھىشە ئايال»نىڭ ئالدامچىلىقىدىن كېلىپ چىققان ئۇرۇشلاردۇر (ئۇ ئۇرۇشلارنى مۇسۇلمانلار

قوزغىغان ئەمەس). قۇرئاندا، ئاشۇنداق زوراۋانلىقلار مەنئى قىلىنغان ئەمەس (بەزى مۇسۇلمانلار بارلىق «كاپىرلار»غا «غازات» (مۇقەددەس ئۇرۇش، جىھاد) ئېلىپ بېرىشنى قۇرئان بۇيرۇغان، بۇنداق قىلىش ئۆز بۇرچۇم دەپ قارايدۇ، دەپ بىلىمىز، ئەلۋەتتە)؛ ئەمما ئىنجىلنىڭ پۈتۈن تەلىمى بۇنى قەتئىي مەنئى قىلىدۇ.

ئۇنداقتا، ھەقىقەتنى ئەستايىدىل ئىزدەنگۈچىلەر: «ئەمدى مەن، مەسىھنىڭ يولىدا ھەقىقىي ماڭىدىغانلارنى نەدىن ئىزدەپ تاپىمەن؟ ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيمەن؟» دەپ سورىشىغا توغرا كېلىدۇ. جاۋابىنى دەرۋەقە، دەل مۇشۇ دەھشەتلىك ۋەقەلەرنى ۋە «پاھىشە ئايال»نىڭ رەزىل قىلمىشلىرىنى ئالدىنئالا ئېيتىپ بېشارەت بېرىدىغان ئىنجىلنىڭ ئۆزىدىن ئاسانلا تاپالايسىز. ھەرقانداق ئاددىي بىر ئادەم ئىنجىل تەلىملىرىنىڭ ئاددىي مەنىلىرىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، ئەمەل قىلىدىغان بولسىلا، ئېزىپ كەتمەيدۇ. ئىنجىلنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا ئىشىنىش، ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن پەرمانلارغا ئىتائەت قىلىش (جۈملىدىن، سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېتىراپ قىلىش)نىڭ ئۆزى ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىنسانىيەتكە مۇداپىئە بولسۇن، دەپ خۇدا بەرگەن ئەڭ كۈچلۈك مۇداپىئەدۇر.

ئەيسا بۇ تەرەپلەردە بىزگە يوليورۇق كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: ـ

«ئالدىڭلارغا قوي تېرىسىگە ئورىنىۋېلىپ كەلگەن، ئىچى يىرتقۇچ چىلبۆرىدەك بولغان ساختا پەيغەمبەرلەردىن ھوشيار بولۇڭلار. سىلەر ئۇلارنى مېۋىلىرىدىن تونۇۋالالايسىلەر. تىكەندىن ئۈزۈملەر، قامغاقتىن ئەنجۈرلەر ئالغىلى بولامدۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەر ياخشى دەرەخ ياخشى مېۋە بېرىدۇ، پور دەرەخ ناچار مېۋە بېرىدۇ. ياخشى دەرەخ ناچار مېۋە بەرمەيدۇ، پور دەرەخ ياخشى مېۋە بەرمەيدۇ. ياخشى مېۋە بەرمەيدىغان ھەربىر دەرەخ كېسىلىپ ئوتقا تاشلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇشۇنداق كىشىلەرنى مېۋىلىرىدىن تونۇۋالالايسىلەر.

ماڭا «رەببىم، رەببىم» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ئەرش پادىشاھلىقىغا كىرەلمەيدۇ، بەلكى ئەرشتە تۇرغۇچى ئاتامنىڭ ئىرادىسىنى ئادا قىلغانلارلا كىرەلەيدۇ. شۇ كۈنىدە نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا: «رەببىم، رەببىم، بىز سېنىڭ نامىڭ بىلەن ۋەھىي-بېشارەتلەرنى يەتكۈزدۇق، سېنىڭ نامىڭ بىلەن جىنلارنى قوغلىدۇق ۋە نامىڭ بىلەن نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ چاغدا مەن ئۇلارغا: «سىلەرنى ئەزەلدىن تونۇمايمەن. كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار، ئەي ئىتائەتسىزلەر!» دەپ ئېلان قىلىمەن.

ئەمدى ھەربىرى بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇ ئۆز ئۆيىنى قورام تاش ئۈستىگە سالغان پەم-پاراسەتلىك كىشىگە ئوخشايدۇ. يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن كېلىپ، بوران چىقىپ سوقسىمۇ، ئۇ ئۆي ئۆرۈلمىدى؛ چۈنكى ئۇنىڭ ئۇلى قورام تاشنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان. بىراق سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئەمەل قىلمايدىغان ھەربىرى ئۆيىنى قۇمنىڭ ئۈستىگە قۇرغان ئەخمەقكە ئوخشايدۇ. يامغۇر ياغقاندا، كەلكۈن كەلگەندە، بوران چىققاندا شۇ ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتتى؛ ئۇنىڭ ئۆرۈلۈشى ئىنتايىن دەھشەتلىك بولدى!» (ئىنجىل، «ماتتا»، 7-باب، 15-27-ئايەت).

بۇ ئالىيجاناب تەلىمدە رەببىمىز بىزگە، پەقەت كىشىلەرنىڭ «ئېتىقادنى ئېتىراپ قىلىشىغىلا ياكى دېگەنلىكلىرىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ «مېۋىسى»گە قاراپ يۇرۇشىمىز ئۈچۈن تەربىيە بەرگەن. مۇشۇ يەردىكى «مېۋە» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ «مېۋە» مەلۇم بىر كىشىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى ئەھۋالنى، ئۇنىڭ خىزمەتتە كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى، ئىنسانىيەتكە يەتكۈزگەن پايدىسىنى ۋە ئاخىرقى ھېسابتىكى ئەڭ مۇھىمى بولغان، ئۇنىڭ روھىدىن چىققان نەرسىلەرنىڭ «تەمى»نى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر ئادەمدە ئۆزىگە چۈشلۇق ئاشۇنداق بىرخىل «تەم» بار بولىدۇ. بۇ تەم بولسا، ئاشۇ ئادەمنىڭ

روھىدىن چىقىدۇ؛ باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ روھىدا مۇشۇ تەمنى پۇراپ سېزەلەيدۇ. بىز بەلكىم مەلۇم بىر كىشىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقىنىمىزدا، كۆڭلىمىزدە دەرھال بىرخىل ناھايىتى ئازادىلىك تۇيغۇ پەيدا بولۇشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ باشقا مەلۇم بىر كىشىنى ئۇچراتقىنىمىزدا، نېمە ئۇچۇندۇر دەرھال بىئاراملىق ھېس قىلىشىمىزمۇ مۇمكىن. بۇنداق ھېسسىياتلىرىمىز بەزىدە بىزنى ئازدۇرۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، ياكى ھەتتا ئۆزىمىزگە زىيان يەتكۈزىشىمۇ مۇمكىن؛ ئەمما مۇشۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «مېۋە» بولسا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ ئىسپاتلانغان، ئىزچىل، بىر پۈتۈن، ھېچ ئۆزگەرمەس مۇھەببەتتىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس. بۇنداق مۇھەببەت ئىزچىل ھالدا باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئىزدىمەكتە. ئىنجىلدىكى «كورىنتلىقلارغا (1)» 13-بابتا دېيىلگەندەك: ـ

«مۇھەببەت سەۋر-تاقەتلىك، مېھرىبانلىقتۇر:
مۇھەببەت ھەسەتخورلۇق قىلمايدۇ:
مۇھەببەت ئۆزىنى ماختىمايدۇ،
تەكەببۇرلۇق قىلمايدۇ،
نومۇسسىزلىق قىلمايدۇ،
ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ يۈرمەيدۇ،
تېرىكتۈرۈلمەيدۇ،

كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ؛
ھەققانىيسىزلىقتىن خۇشال بولمايدۇ،
بەلكى ئەمەلىيەتتىن، ھەقىقەتتىن خۇشال بولىدۇ؛
ھەممە ئىشتا قورسىقى كەڭلىك قىلىدۇ،
ھەممىگە يۈزلىنىپ خۇداغا
ئىشىنىدۇ، ھەممە ئىشقا ئۈمىد باغلايدۇ،
ھەممىگە چىدايدۇ.
مېھىر-مۇھەببەت ھەرگىز تۈگىمەيدۇ».

ئىنجىلنىڭ بىر قىسمىدا بىزگە يەنە: ـ

«مۇقەددەس روھتىن چىققان مېۋە بولسا مېھىر-مۇھەببەت، شاد-خۇراملىق، خاتىرجەملىك، سەۋر-تاقەت، مېھرىبانلىق، ياخشىلىق، ئىشەنچ-سادىقلىق، مۆمىن-مۇلايىملىق ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتىن ئىبارەت» دېيىلىدۇ.
(«گالاتىيالىقلارغا» 5:22-23).
ئاشۇنداق ھەر تەرەپلىمىلىك ئىزچىل مۇھەببەتنى يالغان كۆرسىتىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئىزچىل كۆرۈنىدىغان شۇنداق بىر خىللىق مۇھەببەت ھەرگىزمۇ ئىنسان قەلبىدىن ئۆزلۈكىدىن چىقىپ قالمايدۇ، پەقەت خۇدادىنلا، يەنى شۇ ئىنساننىڭ خۇدا بىلەن بولغان ھەقىقىي ئالاقىسىدىنلا كېلىدۇ.

يۇقىرىقى «ماتتا» قىسمىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەرگە دىققەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان ئىككىنچى نۇقتا شۇكى، قىيامەت كۈنىدە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى مەسىھنىڭ نامىدا مۆجىزىلەرنى يۈرگۈزگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ: «شۇ كۈنىدە نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا: «رەببىم، رەببىم، بىز سېنىڭ نامىڭ بىلەن ۋەھىي-بېشارەتلەرنى يەتكۈزدۇق، سېنىڭ نامىڭ بىلەن جىنلارنى قوغلىدۇق ۋە نامىڭ بىلەن نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتۇق» دەيدۇ» (22-ئايەت). بۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، مۆجىزىلەرنى يارىتىش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكى ناتايىن. مۇقەددەس كىتاب بىزگە خەۋەر قىلىدۇكى، جىن-شەيتانلارنىڭمۇ (مەلۇم دەرىجىدە) بىرخىل مۆجىزىلەرنى يارىتالايدىغان قۇدرىتى بار، شەيتان ئۆزىنىڭ بۇ قۇدرىتىنى ئىنسانىيەتنى ئالداش ئۈچۈن كىشىلەرگە (مەسىلەن، پالچىلارغا، سېھىرگەرلەرگە، جادۇگەرلەرگە، خەنزۇلار ئارىسىدىكى «چىگوڭ» ئىشلىتىدىغانلارغا) بېرىدۇ. مۇھىمى شۇكى، مەلۇم بىر كىشىنىڭ خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىگە، خاتالاشمايدىغان بىردىنبىر ئىسپات بۇ كىشىدە ئىزچىل، ساپ، مۇقەددەس مۇھەببەت بار بولغانلىقىدىندۇر. بۇنداق مۇھەببەت پەقەت ئائىلىدىكىلەرگىلا ياكى ئۆز «جامائىتى»گىلا ئەمەس، بەلكى ھەممەيلەنگە تەڭ بولۇشى كېرەك. ئېتىقاد يولىدا سىز سىرداش ياكى ياردەمچى بولغۇچى مۇخلىسلارنى ئىزدىگەن ۋاقتىڭىزدا، ئاشۇنداق

مۇھەببەتكە ئىگە كىشىلەرنى ئىزدەڭ. باشقىلارنىڭ پۇلى ياكى مال-مۇلۇكىنى كۆزلەپ يۈرىدىغان كىشىلەردىن قەتئىي نېرى بولۇڭ؛ خەلقنى مەسىھكە ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە تارتىپ يۈرىدىغان كىشىلەردىن قەتئىي نېرى بولۇڭ.

(مۇشۇ يەردە «مۆجىزىلەر» توغرۇلۇق شۇنى ئېيتىپ ئۆتىمىزكى، «يارىتىش» ۋە «تىرىلدۈرۈش» پەقەت خۇدانىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ. شەيتان كەلگۈسىدە بىرلا قېتىم، خۇدانىڭ يول قويۇشى بىلەن دەججالنى، يەنى مەسىھنىڭ رەقىبىنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرىدۇ. بۇ ئىش ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئېغىر سىناقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ)

شۇڭا، مەسىھكە تايىنىشنى ھەرگىز «غەرىبچە بولۇش» ياكى «يېڭى بىر دىنغا كىرىش» دەپ ئويلاپ يۈرمەڭ. بىز ئىلگىرى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدەك، «مەسىھكە تايىنىش» دېگىنىمىز ھەقىقەتكە، رېئاللىققا، خۇدانىڭ روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە ئۆز ئەمەلىنى قىلىپ، مۇھەببەتنى يېتىشتۈرۈپ، خۇدا بىلەن بولغان ھەقىقىي ئالاقىگە ۋە مۇناسىۋەتكە كىرگۈزۈشىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ دىن ئەمەس. نۇرغۇن كىشىنىڭ دىنى بار بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە مۇھەببىتى يوقتۇر. يەنە دېيىشىمىز كېرەككى، خۇدا بىلەن باغلىغان بۇنداق مۇناسىۋەت، يەنى ئېتىقاد دېگەن، ئاتا-ئانىدىن مىراس قالىدىغان ئىش ئەمەستۇر. ھەربىر دەۋردىكى كىشىلەر ئۆزلىرى خۇدانىڭ يېنىغا كېلىشى كېرەك. ھەربىر ئادەم يېڭىدىن تۇغۇلۇشى

كېرەك. شۇڭا دىنىي «ئەنئەنە»لەر دېگەن ئىنجىلنىڭ دۈشمىنىدۇر. خۇدا ئىنساندىن ھەربىر ئىشنى قىلىشتا تولۇق ئاڭلىق ھالدا چىن كۆڭلىدىن «بۇنى خۇدا ئۆزى ماڭا بۇيرۇغان بىر ئىش» دېگەن ئىشەنچتە ياشاشنى تەلەپ قىلىدۇ. «ئەنئەنىمىز شۇ» دەپلا ئىش قىلساق، قىلغان شۇ ئىشىمىزنىڭ خۇدا ئالدىدا ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

«ئەستايىدىل كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرى ئۆزلىرىنى پەقەت كەڭرىچىلىككىلا يېتەكلەر؛ چېچىلاڭغۇلارنىڭ ئۆيلىرى بولسا، ئۇلارنى پەقەت يوقسۇزلۇققىلا يېتەكلەر».

(تەۋراتتىكى «سۇلايماننىڭ پەند-نەسىھەتلىرى» 21-باب)

## خاتىمە

يۇقىرىقى مۇزاكىرىلەردىن، گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ۋە كۆڭۈلنىڭ يۇيۇلۇپ پاكلىنىشىدا، ئەيسا مەسىھسىز ھېچقانداق يولنىڭ يوقلۇقىنى، شۇنداقلا تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدىن باشقا شۇ نىجاتلىق يولنى كۆرسىتىدىغان ھېچقانداق كىتابنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ چىقالايسىز. مۇقەددەس ۋە مۇتلەق ئادىل

خۇدانىڭ ئۆز ئادىللىقىنى قانائەتلەندۈرۈشتە، ئادەمنى خۇدا بىلەن ئىناقلاشتۇرۇشتا، مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزىنىڭ قۇربانلىق قىلىنىشىدىن سىرت باشقا يولمۇ يوقتۇر. بۇ پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇڭ، بۈگۈنكى كۈن نىجاتلىق كۈن، مېھرى-شەپقەت كۆرسىتىلىدىغان ۋە قوبۇل قىلىنىدىغان كۈن بولىدۇ.

مۇزاكىرىمىزنى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇرۇپ تۇرماقچىمەن. تېخى سۆزلەنمىگەن ئىشلار خېلى نۇرغۇن. يۇقىرىدىكىلەرنى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمنىڭ ھەقىقەتكە ئېرىشىشى، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە بولۇشىنى مەقسەت قىلىپ يازدۇق. خۇدانىڭ قەدىرلىك ئوقۇرمىنىمگە مۇقەددەس روھ ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىزدىنىشلىرىگە، دۇئالىرىغا يورۇقلۇق بېرىشىنى تىلەيمەن. خۇداغا ئۆز ئانا تىلىڭىزدا چىن دىلىڭىز بىلەن دۇئا قىلىڭ. خۇدا سىزنى رەب مەسىھ ئەيسادا بولغان تۈپتۈز نىجاتلىق بەخت يولىدا يېتەكلىگەي.

(ئەسلى نۇسخىنى، (ئەرەب تىلىدا) نىكولا ياقۇپ غابرىل يازغان. قوشۇمچە ماتېرىيال، خېلىل ئەيسادىن)

« دۇنيانىڭ نۇرى ئۆزۈمدۇرمەن. ماڭا ئەگەشكەنلەر قاراڭغۇلۇقتا ماڭمايدۇ، ئەكسىچە ھاياتلىق نۇرىغا ئېرىشىدۇ».

(ئىنجىل، «يۇھاننا» 8-باب، 12-ئايەت)

« ئەستايىدىل كىشىلەرنىڭ ئويلىرى ئۆزلىرىنى پەقەت كەڭرىچىلىككىلا يېتەكلەر؛ چېچىلاڭغۇلارنىڭ ئويلىرى بولسا، ئۇلارنى پەقەت يوقسۇزلۇققىلا يېتەكلەر»

(تەۋراتتىكى «سۇلايماننىڭ پەند-نەسىھەتلىرى» 21-باب)